
مەملىكەت بويىچە 100 نوپۇزلۇق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS HERITAGE OF UYGHUR FOLK CULTURE

MIRAS 米拉斯 MIRAS





# ميراس

4
2007


ISSN 1004-3829

# ئابلىز ئابدۇللا فوتو سۈرەتلىرىدىن تاللانمىلار











# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2007 ـ يىل 4 ـ سان

(ئومۇمىي 102 ـ سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئەتلەستىكى سەنئەت ۋە قىممەت .................. مۇھەممەد ئىمىن سابىر (1)
مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى............................ سۇلايمان قېيۇم (50)
خەلق ناخشىسى «گىلاڭ تاغلاردىكى قارلار» ..................
.............................. سائادەت هادى، ئەمەت مەخمۇت (59)
خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەشتە ئويلىغانلىرىم.................
................................................. مۇختار مۇھەممەد (75)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

ئەدەبىيات شۇنچە زۆرۈرمۇ؟........ ۋاڭ مېڭ (شۆھرەت مۇھەممىدى. ت) (6)
ئالقان پالچىلىقى غەربتە.......................... (مەمتىمىن ھوشۇر. ت) (20)

## كىم ئەقىللىق، كىم زېرەك


تېپىشماق ئويۇنى.............................. مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار (19)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ نەزەرىدىكى قەشقەر..........................
................................................. (قادىر راخمان. ت) (23)
19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى...........................................
.............. ئىلدىكو بەللەرھانى (گېرمانىيە) (بۇسارەم ئىمىن. ت) (36)

## گۈزەللىك ئۇندۇر، توققۇزى توندۇر

چېچىڭىزمۇ بايلىقىڭىز.................. ئايتۇرسۇن، ئوبۇلھەسەن داۋۇت (26)




باش مۇھەررىر:
**يۇسۇپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: ( 0991) 4554017
Fax: ( 0991) 4554015
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 – 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 – 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
پوچتا نومۇرى: 830001

**E – mail:** mirasuyghur @ 126. com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

**بىزنىڭ ئۆرانىمىز — مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !**

**بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز — ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !**

قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى.........
............................................ مۇھەممەد شاۋۇدۇن (64)

## ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار

ئۇيغۇرلاردا باغاق.................................... ئابدۇقەييۇم مىجىت (32)

## مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرى

ۋىجدان چىرىغى ........................................................
.............. نۇرئەلى قابۇل (ئۆزبېكىستان) ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەزىزى (43)

## ئادەت قېرىماس

مەشرەپ جازاسى «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئويۇنى......................
................................................ ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (60)
ئۇيغۇرلاردا ناماقۇللۇق چېيى......................... مۇتەللىپ ئىقبال (77)

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ 2 ـ 3 ـ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **ئابلىز ئابدۇللا** تارتقان.
بەت ئاستىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى **مەۋجۇدەم ئابدۇخېلىل** (تۇركىسا) تەمىنلىگەن.

# 主 要 目 录

艾德来丝中的艺术与价值........................ 买买提明．萨布尔 (1)
龟兹人的着装习俗及真服装........................ 买买提．夏吾东 (64)
美发也是财富.................... 阿依图尔逊，吾布里碍山．达吾提 (26)
维吾尔人的请柬.................... 阿不都克尤木．米吉提 (32)
维吾尔人中的赔罪之礼.................... 木塔里甫．依克巴尔 (77)

Chief editor: Yusup Is"haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 86 يىللىقىنى ۋە شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!**

**我们要抢救传统文化**

**我们要保护传统文化**

**我们要弘扬传统文化**

主编:
**玉素甫・依莎克**
副主编:
**穆合塔尔・穆罕默德**
责任编辑:
**努尔尼沙・巴克**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
传真:(0991)4554015
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 - 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel:.(0991 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥



# ئەتلەستىكى سەنئەت ۋە قىممەت

مۇھەممەدئىمىن سابىر

ئەتلەس ئۇيغۇر قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ھېلىھەم كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتى. ئاپتورنىڭ 15 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىزدىنىشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھازىر ئەتلەس توقۇلمىلار ساپ يىپەك ئەتلەس، ئارىلاش توقۇلما (ساپ يىپەك ـ سۈنئىي يىپەك ئارىلاش) ئەتلەس، سۈنئىي يىپەك ئەتلەس، ئەنئەنىۋى تەبىئىي بوياق ئەتلەس، زەرلىك (كالىۋۇتونلۇق) ئەتلەس، باشقا ئەتلەس (ئەتلەس شارپا، ئەتلەس ياستۇق قېپى، ئەتلەس قولياغلىق) توقۇلمىلاردىن ئىبارەت ئالتە خىل مەھسۇلات تۈرى، 26 خىل ئاساسىي گۈل نۇسخىسى، 31 خىل قېرىنداش گۈل نۇسخىسىغا مەنسۇپ بولغان 145 خىل رەڭ تۈردە ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خام ئەشيا پەرقى، بوياق ماتېرىيال پەرقى، شەكىل پەرقى قاتارلىقلارنى ھېساپقا ئالغاندا ئەتلەس ۋە ئەتلەس ئائىلىسىدىكى توقۇلما مەھسۇلاتلار 620 خىلدىن ئاشىدۇ.

ئەتلەس بىر خىل نوقۇل سەنئەت بۇيۇمى ئەمەس، ئۇ ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ كىيىنىش ئېھتىياجىنى قامدايدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى. لېكىن، ئەتلەس يۈزىدە ھەرخىل رەڭلەرنى ۋاستە قىلىپ ئىپادىلەنگەن خىلمۇخىل گۈل، نەقىش، ئوبراز ۋە شەكىللەرگە يۈكسەك بەدىئىي سەنئەت مۇجەسسەملەنگەن. شۇڭا ئۇ، مۇئەييەن ئىقتىسادىي قىممەت ۋە ئىستېمال ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يۇقىرى بەدىئىي ئالاھىدىلىك ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە.

**1. ئەتلەسنىڭ گۈل ـ نەقىش ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي سەنئەت قىممىتى**

ئەتلەسنىڭ گۈل ـ نەقىشلىرى قويۇق يەرلىك پۇراق، كۈچلۈك مىللىي خاسلىققا ئىگە. ئۇ، «رەڭ چېگرىسى ئېنىقسىز بولۇش ئۇسۇلى» ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان تۇتۇق تەسۋىر ئۇسلۇبىدىكى بەدىئىي سەنئەت ئەسىرىدۇر. بۇ قاراشلىرىمىزنى تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردىن دەلىللەشكە بولىدۇ.

ئەتلەس گۈل ـ نەقىشلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان گۈل ـ نەقىش ئۆرنەك ئوبيېكتلىرىنى مۇنداق بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

تەبىئەت جىسىملىرى ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ـ نەقىشلەر: ھىلال ئاي، يۇلتۇز، كەلكۈن، بۇلۇت، چاقماق شەكىل كۆرۈنۈشلىرى؛

دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر ئۆرنەك قىلىنغان گۈل نەقىشلەر: بادام، ئامۇت، ئالما گۈل قاتارلىقلار؛

ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ـ نەقىشلەر: ئورغاق گۈل، زەنجىر گۈل، موينەكەش گۈل، موكا گۈل قاتارلىقلار؛

ئادەم ئەزالىرى ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ـ نەقىشلەر: يۈرەك (قوش يۈرەك) گۈل؛

ھايۋان ئەزالىرى ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ـ نەقىشلەر: قوچقار (مۈڭگۈز) گۈل، بۆرەك گۈل، كەكلىك قېشى گۈل، ئۆي كۆزى گۈل، قوي كۆزى گۈل، تۆگە ئىزى گۈل قاتارلىقلار؛

بېزەك بۇيۇملىرى ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ـ نەقىشلەر: تاج گۈل، مۇنچاق گۈل، تاغاق گۈل، چاچتەڭگە گۈل قاتارلىقلار؛

چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ـ نەقىشلەر: راۋاب شەكىللىك گۈل، ناغرا گۈل قاتارلىقلار؛

گېئومېترىيىلىك شەكىللەر ئۆرنەك قىلىنغان گۈل ـ نەقىشلەر: چاقماق (تىزما سىزىق)، تۈز سىزىق قاتارلىقلار.

يۇقىرىدىكى ئۆرنەك ئوبيېكتلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئەتلەس گۈل ـ نەقىشلىرى مۇئەييەن ئىچكى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىق بەلگىلىك ئىدىيە ـ ھېسسىيات مايىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، تەبىئەت جىسىملىرى، دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋان ئەزالىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۆرنەك قىلىنىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلارنى تەبىئەت زەنجىرىنىڭ بىر ھالقىسى، ئىنسانلار ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەۋجۇتلۇق دەپ قارايدىغان تەبىئەت قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئورغاق، موينەكەش، موكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆرنەك قىلىنىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك ۋە ئىختىرانى ھاياتلىقنىڭ ئاساسى دەپ بىلىدىغان، مېھنەت ۋە ئىجتىھاتنى قەدىرلەيدىغان تۇرمۇش قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ئىككى يۈرەك شەكلىنىڭ ئۆرنەك قىلىنىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان، ئىناق ـ ئىجىللىقنى سۆيىدىغان ھېسسىيات مايىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تاج، مۇنچاق، تاغاق قاتارلىق بېزەك بۇيۇملىرىنىڭ گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىشى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش ـ تارىنىشنى ياقتۇرىدىغان، گۈزەللىك ۋە پاكىزلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان ئېستېتىك خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ. راۋاب، ناغرا قاتارلىق چالغۇلارنىڭ ئۆرنەك قىلىنىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆي خۇمار، سەنئەت سۆيەر ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەتلەس گۈل ـ نەقىشلىرى ئومۇمەن رەڭ پەرقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان توق، قېنىق رەڭلەرنى يانداش ئىشلىتىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ، تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىغا يۇلتۇزدەك جايلاشقان پارچە ـ پارچە بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھەر دائىم قۇم ـ بوران، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرۇشى ۋە ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىش داۋامىدا شەكىللەنگەن بوستانلىق، يېشىللىقنى ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇق شەرتى دەپ بىلىدىغان مۇھىت قارىشى ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن رەڭدارلىق قانچە كۆپ بولسا، ھاياتلىق شۇنچە ياشنايدۇ، بوستانلىقلاردىكى ھەرخىل رەڭلىك كۆرۈنۈشلەر قانچە شوخ بولسا، تۇرمۇش شۇنچە پاراۋان بولىدۇ دەپ قارايدىغان رەڭ پسىخىكىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەتلەس گۈللىرىدە ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازى نەقىش ئېلېمېنتى قىلىنمايدۇ. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئادەم، ھايۋان قاتارلىقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنى ئېغىر گۇناھ دەپ بىلىدىغان ئېتىقاد ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

قىسقىسى، ئەتلەسنىڭ ناھايىتى مول ۋە رەڭگارەڭ گۈل نەقىشلىرىدە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش مۇھىتىدا، تۇرمۇشىدا، ئادىتىدە ۋە ئىدىيە ـ ھېسسىياتىدا مەۋجۇت



بولمىغان ھېچقانداق نەرسىنى بايقىمايمىز. دېمەك، ئەتلەس گۈل نەقىشلىرى تەبئىي مەۋجۇتلۇق ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت قارىشى، مۇھەببەت قارىشى، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى، ئېتىقاد قارىشى قاتارلىق نازۇك ئىچكى ھېسسىيات ـ قاراشلىرىنىڭ رەڭ ۋە شەكىللەر ئارقىلىق ئەتلەس يۈزىدە يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. يارقىن ئەكس ئەتكەن شۇ نەرسە دەل ئۇنىڭدىكى يەرلىك خاسلىق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكتۇر.

ئەتلەس گۈل نەقىشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلىغا كەلسەك، ئەتلەس گۈللىرىدە گەرچە ئاسماندىن يەرگىچە بولغان كەڭ كائىنات ۋە جەمئىيەتتىكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان شۇنچە كەڭ ئوبيېكتلار گۈل ـ نەقىشلەرگە ئۆرنەك قىلىنسىمۇ، لېكىن، باشقا مىللەت كىشىلىرىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر مۇئەييەن بىر پارچە ئەتلەس يۈزىدە نېمىلەر نەقىشلەنگەنلىكى ۋە نېمە مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەتلەسچى ئۇستىلار ياكى ئەتلەسنى تەتقىق قىلغان كەسپ ئەھلىلىرى چۈشەندۈرۈپ بەرگەندە ئاندىن ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئەتلەس گۈل ـ نەقىشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر نەقىشگەرلىكىدە گۈل ـ نەقىشلەرگە ئەڭ تويۇنغان زىلچا ـ گىلەم گۈللىرى، دوپپا گۈللىرىنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلىغا ئانچە ئوخشىمايدۇ. گەرچە، گىلەم، دوپپا، زەدىۋال، كىگىز قاتارلىق گۈللۈك مەھسۇلاتلارنىڭ گۈل نەقىشلىرىدىمۇ ئوبيېكتلار مۇبالىغە، ئوخشىتىش، قايتا قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن، ئۇلاردىكى گۈل نەقىشلەر چىنلىققا يېقىنراق بولىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر كۆرۈپلا چۈشىنەلەيدۇ.

ئەتلەس گۈل ـ نەقىشلىرىدە توق قىزىل، شوخ سېرىق، تۇم قارا، قېنىق يېشىل قاتارلىق رەڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولغان، رەڭ تۈسى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان رەڭ ـ بوياقلار ھەممىشە يانداش ئىشلىتىلىدۇ. بوياقچىلىق ۋە رەڭ ماسلىق نەزەرىيىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، قارىمۇقارشى رەڭلەرنى بۇنداق يانداش ئىشلىتىش يول قويغىلى ۋە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئەتلەس گۈل ـ نەقىشلىرىدە دەل مۇشۇ «ناتوغرا ئۇسۇل» ئاساسىي ۋاستە قىلىنىدۇ. چەگمە بوياق ئۇسۇلىدا بوياش ئارقىلىق ئەتلەس يۈزىدە بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان رەڭلەر ئارىسىدا «بىر ـ بىرىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىش» بەلۋېغى شەكىللەندۈرۈلۈپ، رەڭ چېگرا ئېنىقسىزلىقى ھاسىل قىلىنىدۇ ـ دە، قارشى تۈستىكى رەڭلەر تەبىئىي ماسلىققا ئىگە قىلىنىدۇ.

دېمەك، ئەتلەس تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىنلىقىنى مەنبە قىلغان، يۈكسەك دەرىجىدە ئابستراكسىيىلەنگەن شەكىللەر ئارقىلىق مۇئەييەن ھېسسىيات ۋە قاراشنى ئىپادىلەيدىغان، تۈتۈق تەسۋىر ئۇسلۇبىدىكى گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماي بوياق ۋە موي قەلەم ئىشلەتمەي، ئاددىي بوياق ۋە يىپەك تالاسىدىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلغان سەنئەت ئەسىرىدۇر.

**2. ئەتلەسنىڭ ئىستېمال ئالاھىدىلىكى ۋە ئىستېمال قىممىتى**

ئەتلەس ئالدى بىلەن كىشلەرنىڭ كىيىنىش ئېھتىياجىنى قامدايدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدىكى ئىستېمالى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر

خەلقى ئىچىدە كىچىك قىزلاردىن تارتىپ، ياشانغان موماي-لارغىچە ھەممىسى ئەتلەس كۆڭلەك كىيىشنى ياقتۇرىدۇ.

قىزلار بولسۇن ياكى قايتا ياتلىق قىلىنغان ئاياللار بولسۇن، تويلۇق ماللىرى ئىچىدە ئەتلەس كىيىم كەم بولمايدۇ. ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئەتلەسكە بۇنچىلىك ھېرىسمەنلىكى، بىر جەھەتتىن ئەتلەس (يەنى، يىپەك)نىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن، يەنە بىر جەھەتتىن، ئەتلەس-نىڭ يۇقىرى بەدىئىي قىممىتىدىن كەلگەن.

ئالدى بىلەن ئەتلەس (يىپەك)نىڭ رەڭ ئېلىش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى، بوياقنى تەكشى ئا-لىدۇ. ئاسان ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. يىپەك تالاسى سىلىق، سىپتا. ئەتلەس پەردازلانغاندىن كېيىن، نۇر قايتۇرۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچىيىپ، كۈن نۇرى ياكى چىراغ نۇرىدا جىلۋە ـ جۇلاسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. يىپەكنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشى ياخشى، ئىسسىق، نەملىك شارائىتتىمۇ بە-دەنگە چاپلاشمايدۇ، تەر سۈمۈرىدۇ، بەدەنگە راھەت بەخش ئېتىدۇ، نۇر قايتۇرۇشى ياخشى بولغاچقا كىشىگە سالقىنلىق بېغىشلايدۇ. يىپەك توقۇلمىلار يەنە يۇقىرى ھارارەتكە چىدامىلىق، دائىم كۈن نۇرىغا قاقلانسىمۇ ئا-سان چىرىپ كەتمەيدۇ. نەملىككە چىدامىلىق، نەملىك يۇقىرى بولغاندىمۇ بىخسىپ، ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. مىتە، كۈيە قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە زىيان سالالمايدۇ. سوزۇلۇش، سۈركىلىشكە چىدامىلىق، مەلۇم سەۋەبلەردىن سوزۇلۇش، سۈركىلىشكە ئۇچرىسىمۇ ئاسانلىقچە شەكلى ئۆزگىرىپ ياكى يىرتىلىپ كەتمەيدۇ. يۇيۇش، تازىلاشقا چىدامىلىق، كىر ـ داغلاردىن ئاسان پاكلىنىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى ھەرخىل خۇسۇسىيەتلەردە پاختا، يۇڭ قاتارلىق باشقا تەبىئىي تالالار يە-پەكتىن ئۈستۈنلۈك تالىشالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئەتلەسنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ۋە رەڭ تۈرلىرى كۆپ، ھەرخىل ياش قۇرامدىكى ۋە ھەرخىل تەبىقىدىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان نۇسخا، رەڭ تۈرىدىكى ئەتلەسنى تاللاپ سېتىۋېلىشى كەڭ ئىمكانىيەتكە ئىگە. رەڭگى شوخ، ئۆزگىرىشكە باي. ئالدىدىكى ماۋزۇدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەتلەس يۇقىرى ئېستېتىك قىممەت ۋە بەدىئىي قىممەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان.

ئەتلەسكە يۇقىرىدىكى ئىككى خىل خاس-يەت (يەنى، ئەسلىي خۇسۇسىيەت ئەۋزەللىكى بىلەن ئەتلەسكە قول ھۇنەر ئارقىلىق بەخشەندە قىلىنغان يۇ-قىرى بەدىئىي قىممەت) مۇجەسسەم بولغانلىقتىن، ئۇ ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى ئەڭ ياقتۇرىدىغان، كىيىم ـ كې-چەك ئىستېمالىدا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەتىۋار-لىق بۇيۇمغا ئايلانغان. دېمىسىمۇ، ئەتلەس ئېگىن كى-چىك قىزلارغا جۇشقۇنلۇق ۋە ئۇماقلىق بېغىشلايدۇ. ياش قىزلارنىڭ ئەگرى سىزىق گۈزەللىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ ئۇلارغا نازاكەت ۋە لاتاپەت ئاتا قىلى-دۇ. ئوتتۇرا ياش ئاياللارنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي يېشىدىن خېلى ياش كۆرسىتىپ، ياشلىق جەزبىدارلىقىنى قايتا نا-مايان قىلالايدۇ. ياشانغان ئاياللارغا سۈلكەت، سۈلەت قوشۇپ، «ئۆزى قېرىسىمۇ كۆڭلى قېرىماسلىق» تەك ئىچكى ھېسسىياتىنى ئاۋازسىز ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئومۇ-مۈزلۈك ئەتلەس كىيىم كىيىشى بەزى مىللەت خەلقلىرىدى-كىدەك بايرام ۋە مۇراسىملاردىلا كىيىلىدىغان، باشقا چاغلاردا كۆزگە چېلىقمايدىغان «بايرام كىيىمى» ئادىتى ئەمەس. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھېيتلىق، مۇراسىملىق ئەت-لەس كىيىملىرى بولغاندىن سىرت، ئۇلار ئادەتتىكى ئەھ-ۋاللاردا، ھەتتا ئېتىز ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان چاغلى-رىدىمۇ ئەتلەس كىيىملەرنى كىيىۋېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەتلەس يوتقان تېشى ۋە كۆرپە تېشى قىلىشقا، دېرىزە، تام پەردىسى تىكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى سوۋغات بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.



تۇغقانلار، دوستلار ئارىسىدا توي مۇبارەكلىگەن، تۇغۇت يوقلىغان، ئۇزاق ئايرىلغانلار قايتا كۆرۈشكەن ياكى سەپەردىن قايتىپ ھاردۇق سوراپ كەلگەن يېقىن تۇغقان، دوستلىرى بىلەن دىدارلاشقان چاغلىرىدا قارشى تەرەپكە ئەتلەس سوۋغا قىلىشىدۇ.


ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئەتلەسنىڭ «ماھارەت كۆرسىتىدىغان مەيدانى» تېخىمۇ كېڭەيدى. ئەتلەس ئارتىسلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان سەھنە كىيىمى ۋە ئويۇن جابدۇقى قىلىنىدىغان بولدى، ئەتلەس بۇيۇملار بەزى ماگىزىن ۋە مېھمانسارايلارنىڭ مىللىي، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگۈچى بېزەك بۇيۇمىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. كىتاب، ژۇرنال قاتارلىق باسما بۇيۇملارنىڭ مۇقاۋا بېزەكلىرىگە ئۆرنەك قىلىنىۋاتىدۇ. كۈتۈۋېلىش پائالىيەتلىرىدىكى كوچا ئۇسسۇل ئەترەت ئارتىسلىرى، مېھمانساراي، رېستورانلاردىكى كۈتكۈچى، مۇلازىم قىزلار، بەدىئىي سەنئەت تېلېۋىزىيە فىلملىرى ۋە باشقا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدىكى رىياسەتچى قىزلار، لېنتا كېسىش پائالىيەتلىرىدىكى مۇلازىم قىزلارنىڭ ئەدەپ مۇراسىم كىيىمى قىلىنىۋاتىدۇ. «ئەتلەس شاھى»، «ئەتلەس دۇنياسى»، «ئەتلەس ماكانى» دېگەندەك ئاتالغۇلار ماگىزىن، مېھمانساراي، كوچا، يۇرت قاتارلىقلارنىڭ ۋىۋىسكا نامى، خاس نامى ياكى ئوبراز نامى قىلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەتلەسنىڭ ئۆزگىچىلىك، خاسلىق، قەدىمىيلىك، ئەنئەنىۋىلىك مەنىلىرى ئىپادە قىلىنىۋاتىدۇ.

رەڭگارەڭ ئەتلەس گالستۇكلارنىڭ بازارغا سېلىنىشى بىلەن ئەتلەسنىڭ «ئاياللارغا خاس پاتېنت بۇيۇمى» بولۇش ئىمتىيازى بۇزۇپ تاشلاندى. ئەرلەرگە بىر چىرايلىق ياراشقان ئەتلەس گالستۇكلار كۆزگە چېلىقىدىغان بولدى. ئەتلەس شارپا، ئەتلەس ياستۇق، ئەتلەس قولياغلىق، ئەتلەس سومكا، ئەتلەس ھەميان قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك بۇيۇمىغا ئايلىنىپلا قالماي، بارا ـ بارا، ئىچكى جايلاردىن ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلار ۋە ساياھەتچىلەرگە «ئەگىشىپ كېتىدىغان بولدى». يەنى، ئۇلار بۇ خىل ئەتلەس بۇيۇملارنى شىنجاڭنىڭ خاتىرە بۇيۇمى، ئۇيغۇرنىڭ ھۈنەر سەنئەت ئەسىرى دەپ بىلىدىغان، شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ئېلىپ كېتىدىغان بولدى.

ئەمدى، تېخىمۇ چوڭقۇرراق پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق دۆلەت دەرىجىلىك قۇرۇلتاي، بايرام ـ مۇراسىم، سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە ئەتلەس بىلەن دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىمۋوللۇق كىيىمگە ئايلاندى. كىشىلەر مەيلى كىنو، تېلېۋىزورلاردا ياكى ھەرخىل سۈرەت، رەسىملەردە ئەتلەس كىيىم ياكى دوپپا كىيگەن ئوبرازنى كۆرسە، ئۇنى تونۇسۇن، تونۇمىسۇن «ئەنە ئاشۇ ئۇيغۇر» دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان بولدى. دېمەك، ئەتلەس شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە، ئۇيغۇرنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ھۈنەر سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى، تېخىمۇ توغرىسى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللۇق بۇيۇمغا ئايلاندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەتلەس ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىدىن ئۆزگە يەنە مەلۇم سىمۋوللۇق قىممەتكە ئىگە بولدى. ئەتلەسنىڭ بۇ ئۈچىنچى قات قىممىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇنىڭ بىرىنچى قات قىممىتى، يەنى، ئۇنىڭ ئىستېمال بۇيۇمى بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي قىممىتى بىلەن پەقەت مۇناسىۋەتسىز دېگىلى بولماس. لېكىن، ئۇنىڭ ئەتلەسنىڭ يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك يۈكسەك بەدىئىي سەنئەت قىممىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ئېنىق.

بۇ تەپەككۇرىمىزنى قارشى يۆنىلىش بويىچە داۋاملاشتۇرىدىغان بولساق، ئەتلەسنىڭ مۇئەييەن سىمۋوللۇق قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز تەس ئەمەسكى، ئەتلەس مۇئەييەن ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپلا قالماي، ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە سەنئەت بۇيۇمى، ئۇيغۇر قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىرى.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)



# ئەدەبىيات شۇنچە زۆرۈرمۇ؟

ژاك مېك

بۈگۈن مېنىڭ سۆزلەيدىغان تېمام «ئەدەبىيات شۇنچە زۆرۈرمۇ؟» بۇ ئەسلىدە بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى ھەممىمىز بىلىمىز، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى بار، بولۇپمۇ بىزنىڭ جۇڭگودا ئەدەبىيات ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.

دۆلىتىمىزدە ئەدەبىياتقا ئاجايىپ ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر ئەنئەنە بار. نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى، كۇڭزى زامانىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتنىڭ رولىغا يۇكسەك باھا بېرىپ كەلگەن. كۇڭزى «نەزمنامە»نى تۈزگەن. ئۇ: «ئىنسانلار شېئىر ئارقىلىق كۆڭلەپ راۋاج تاپسا، دۇنيانى چۈشەنسە، ئىتتىپاقلاشسا، ھەسرەتلىرىنى ئىپادىلىسە بولىدۇ» دېگەن. گەرچە ھەركىمنىڭ «شېئىر»گە بولغان كونكرېت ئىزاھاتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق بىز مۇنداق چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ، كوڭزى: شېئىر بىر خىل دۇنيانى چۈشىنىش ئۇسۇلى، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىلىشىش شەكلى، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى، مەنىۋىيىتى ۋە روھىنى ئىپادە قىلىدىغان، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھادىسە، دەپ قارايدۇ. كوڭزى يەنە: «300 پارچە شېئىرنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلىسەك بولىدۇ، پەقەت ئىدىيىدە رەزىللىك ئىللەتلىرى بولمىسىلا» دېگەنىدى. بۇ شېئىر كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىر توغرا يولغا باشلاپ ماڭالايدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ساۋپىي «كىتابلارغا باھا، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تەقرىز» دېگەن ئەسىرىدە «ئەسەر يازغۇچىلار دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن چوڭ ئىشلىرىغا چېتىلىدۇ، مانا بۇ ئۆلمەيدىغان كەسىپتۇر» دېگەنىدى. ئۇ بېشىدىكى بىر ئېغىز گەپتە، ئەسەر بىلەن ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى تۈزۈشنىڭ بەك چوڭ باغلىنىشى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئەسەر دېگەندە نۇرغۇن مۇھىم قائىدىلەر بايان قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ قائىدىلەر ئۆزىنى، ئائىلىنى، ئالەمدىكى ئىشلارنى تۈزەشكە پايدىلىق. كېيىنكى جۈملىدە ئۇ يېزىقچىلىق كىشىلەرگە بىر ئۆمۈر شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىدۇ، ئېسىل ئەسەر دېگەن ئۆلمەيدۇ دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئادەم ئاران نەچچە ئون يىل، يۈز نەچچە يىل ياشىيالايدۇ، ئەمما ياخشى ئەسەر ناھايىتى ئۇزاق يىللارغىچە ئۆلمەي، ئەسىردىن ئەسىرلەرگە ئۆتۈپ ئۆمۈر سۈرەلەيدۇ، شۇڭا

جۇڭگودا قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئەخلاقلىق بولۇش، تۆھپە يارىتىش، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش دېگەنلەرگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلدى، ئەدەبىيات دېگەن ئەنە شۇنداق بىر خىل ھەقىقەتنى تىكلەش دېگەنلىكتۇر!

تاڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە ئاتالمىش «ئەدەبىيات ئارقىلىق ئەخلاقنى يەتكۈزۈش» دېگەن بايان ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى ئەسەرنىڭ ئۆزى بىر ۋاستە. گەرچە «ئەخلاق»قا بولغان چۈشەنچە ھەر خىل بولسىمۇ، بەزىلەر ئۇنى دۇنيانىڭ ئەسلىي ماھىيىتى دەپ چۈشەنسە، بەزىلەر ئۇنى كائىناتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى دەپ بىلدى، يەنە بەزىلەر ئۇنى جاھاندارچىلىقتىكى ئاساسىي قائىدە دەپ ھېس قىلدى. ئومۇمەن، ئەسەر دېگەن «يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ۋاستە»لىك رول ئوينايدۇ دەپ قاراشتى.

مەن شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي، كىشىلەر ھەمىشە كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئۇلار ئەدەبىياتنى بۇنداق مۇھىم دەپ قارىمايدۇ ياكى ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنىغا، ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىتىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئەمما كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە، كىشىلەر ئەدەبىياتنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» رولىنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ. «بۈيۈك ئامېرىكا قامۇسى»دا ئەدەبىياتقا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ ھېسسىياتى، يۈرەك تۇيغۇلىرى ياكى بىلىم توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشتە قوللىنىدىغان ئەڭ ئىجادىيلىقتا ۋە ئەڭ ئومۇمىيلىقتا ئىگە ئۇسۇللارنىڭ بىرى. ئېسىل ئەدەبىيات تەسەۋۋۇر كۈچىگە، مۇنەۋۋەر ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ماھارەتكە ئىگە كېلىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزىدە تەربىيىلەش، خەۋەر بېرىش، كۆڭۈل كۆتۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئادەملەرنىڭ خۇشاللىق بىلەن قايغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئىخلاسلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دۆلەت ۋە قەھرىمانلارغا بولغان مەدھىيىلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ ياكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنى ۋە ياكى ئېستېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدە قاراشلارنى تەرغىپ قىلىدۇ». بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكىغا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر دۆلەتتىمۇ ئەدەبىياتنى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ياكى ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىدىغان نەرسە دەپ قارىمىغان، ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مەن شىنجاڭدا ئۇزاق يىل ياشىغان، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر قاراش بار، بۇ خىل قاراشنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تا ھازىرغا كەلگىچە ئىسپاتلاپ بولالمىدىم. بۇ ئەپلاتوننىڭ غايىۋى دۆلەت دېگەن قارىشى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق دۆلەتتە مۇنداق ئۈچ خىل ئادەم بولىدۇ، بۇ ئۈچ خىل ئادەم بىر دۆلەتنىڭ تايانچى كۈچىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ياكى ئۇنى شەكىللەندۈرىدۇ، بىرى پادىشاھ، بىرى ۋەزىر، يەنە بىرى شائىردۇر! بۇ ئاجايىپ بىر خىل قاراش، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە ھەر بىر دۆلەتنىڭ تۈزۈمى ئوخشىمايدۇ. بەزى دۆلەتلەر پادىشاھلىق تۈزۈمىدە ئەمەس، بەلكى زۇڭتۇڭلۇق ياكى زۇڭلىلىق تۈزۈمىدە ياكى پارلامېنت ياكى ئىنقىلابىي كومىتېت قاتارلىق تۈزۈملەردە، مەيلى نېمىلا بولسۇن، دۆلەتتە بىر باش بولىدۇ، بۇ تەرىپى شەك-شۈبھىسىزدۇر. ئۇنداقتا ۋەزىرچۇ؟ بىز ئۇنى بىر دۆلەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىكى مەمۇرىي خادىم، جامائەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان كىشى دەپ بىلىمىز. ئۇنداقتا ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا شائىرنى مۇشۇنداق بىر ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، شائىر بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ روھىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ، ئادەمنى بەك ئويلاندۇرىدۇ.

جۇڭگودا يەنە بىر خىل ئەنئەنىۋى قاراش بار: شائىرلار شېئىر، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇتۇق-سەۋەنلىكلىرىنى تەپتىش قىلىپ، خەلقنىڭ ئىنكاسىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. شېئىر بىر خىل ئەينەك بولۇپ، ئۇ، بىر دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سىياسىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، دۆلىتىمىزدە ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم رولىغا بولغان باھا بارغانچە يۇقىرىلاپ كەتتى. بۇ يەردە لياڭ چىچاۋ ئەپەندى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگەدۇر. لياڭ چىچاۋ ئەپەندى پروزىنى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائىي ئۆلگىرىلەشنىڭ يول باشچىسى ۋە ئەڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ قارىغان. ئۇ: «بىر دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋۋال شۇ دۆلەتنىڭ پروزىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش كېرەك، بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ دۆلەتنىڭ

پروزىچىلىقنى يۇكسەلدۈرۈش كېرەك، بىر قوۋمنىڭ ئۇرپ ـ ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنىلا ئالدى بىلەن شۇ دۆلەتنىڭ پروزىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ» دېگەن.

لياڭ چىچاۋ ئەپەندى سەن نېمىلا قىلمىغىن سەندە ئاۋۋال پروزا بولۇشى كېرەك، چۈنكى پروزا سېنىڭ يەتمەكچى بولغان غايەڭنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ دېمەكچى. بىزمۇ شەنتۇۋنىڭ ئىگىلىكىنى يۇكسەلدۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئاۋۋال پروزىنى يۇكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك. پروزا ئەسەرلىرىدە شەنتۇۋنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەپ چىققاندىلا كۆپچىلىكتە نىشان تىكلىنىدۇ. بۇ ئېھتىمال لياڭ چىچاۋ ئەپەندىنىڭ لوگىكىسى بولسا كېرەك، جۇڭگونىڭ ھايات ـ ماماتى، پارلاقلىق ۋە قاراڭغۇلۇقلىرىنى جۇڭگونىڭ پروزىچىلىقى بەلگىلەيدىغاندەك قىلىدۇ.

لۇشۈن دەۋرىگە كەلگەندە بىز ھېلىقى ھېكايىلەرنى چۈشەندۇق. لۇشۈن ئەسلىدە تېببىي ئىلىم ئوقۇغان بولۇپ، كېيىن ئۇ بىر ئاخبارات فىلىمىنى، يەنى ياپون ـ رۇس ئۇرۇشىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ بىغەملەرچە رۇسلار ئۈچۈن جاسۇس بولۇپ بەرگەنلىكىنى، ئاندىن ياپونلار تەرىپىدىن خالايىق ئالدىدا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، فىلىمنى ياپوندا ئوقۇۋاتقان بىر مۇنچە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈپ قارىغۇلارچە چاۋاك چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لۇشۈن تېببىي ئىلىم كىشىلەرنىڭ جىسمانىيىتىنى، ھۆجەيرىسىنى داۋالىيالىغان بىلەن روھىنى داۋالىيالمايدىكەن، دەپ، ئۇنى ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىپ ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىنى داۋالىماقچى بولىدۇ. بىز يەنە باجىننىمۇ بىلىمىز، ئۇ گوركىينىڭ بىر ھېكايىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەشكە تولىمۇ ئامراق. گوركىينىڭ بىر مەشھۇر ئەسىرى بار، گوركىي ئۇنىڭدا دانكو ئىسىملىك بىر رۇس خەلق قەھرىمانىنى يازىدۇ. دانكو يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ مەشئەل قىلىپ، ئورمانلىق ئىچىدىكى خەلقنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا باشلاپ چىقىدۇ. باجىن مانا مۇشۇ ھېكايە ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى بۇرچىنى تىلغا ئالىدۇ، دېمەك ئەدىبلەر ئۆزىنىڭ يۈرىكى بىلەن دۇنياغا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھايات مەنزىللىرىگە نۇر چاچىدۇ، ئۇنى يورۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تەمتىلەپ يۈرگەن ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ۋە چىقىش يولىنى تاپىدۇ.

ماۋجۇشى دەۋرىگە كەلگەندە بىز ئۇنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رولىغا بەرگەن تەبىرلىرىنى: ئاتالمىش «قەلەم بىلەن ئەلەمدىن ئىبارەت ئىككى سەپ»؛ 60 ـ يىللاردا ئوتتۇرىغا قويغان «بىر ئېغىز سۆز بىلەن ھالاك قىلىۋەتكىلى، بىر ئېغىز سۆز بىلەن گۈللەندۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ» دېگەن قاراشلىرىنى، يەنى بىر ئېغىز توغرا سۆز، بىر توغرا ئىدىيە، بىر توغرا ئېتىقاد بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، بىر ئېغىز خاتا، بىمەنە گەپ بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەتنى ھالاك قىلىۋەتكىلى بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

بۇ يەردە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەدەبىياتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بەزىدە تۇرۇپ ئەدەبىياتقا ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىۋەتكەندەكمۇ ھېس قىلىپ قالىمىز. مەسىلەن، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ھالاك قىلىۋەتكىلى، بىر ئېغىز سۆز بىلەن گۈللەندۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ، دېگەندەك. بىز ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇنى ئاڭلاپ بىر جەھەتتىن بۇ بەك بۈيۈك گەپكەن دەپ ھېس قىلساق، يەنە بىر جەھەتتىن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ھېس قىلىمىز. چۈنكى سەن نەچچە توم كىتابنى يېزىپ قايسى گەپلەر بىلەن ھالاك قىلىپ، قايسى گەپلەر بىلەن گۈللەندۈرۈۋېتەلەيسەن؟ بۇنداق بولىدىغان بولسا نەچچە ئون مىڭ خىل ھالاكەت بىلەن نەچچە يۈز مىڭ خىل شاپائەت ئوتتۇرىغا چىقمامدۇ؟ بۇ بەك قورقۇنچلۇق. شۇڭا بەزىلەر ناھايىتى سىپايە گەپلەر بىلەن بۇ خىل تەلىماتلارغا سوئال تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا «ئۈچ ئائىلىلىك كەنت»نىڭ بىرى دەپ تەنقىد قىلىنغانلاردىن لياۋ مۇشا ئەپەندى «ئەگەر بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر بىر دۆلەتنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان بولسا، قورال ئىشلىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى» دېگەن. دېمىسىمۇ ئەگەر ئەدەبىي ئەسەر بىر دۆلەتنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان بولسا، ئۇرۇش قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇرۇش قىلىش ھاجەتسىزدە! شۇنىسى ئېنىقكى، بىر قانچە ئەدىبنىڭ تىللىشى بىلەن بىر دۆلەت ھالاك بولۇپ كەتمەيدۇ ياكى سىز بىلەن مېنىڭ ماختىشىمىغا بىز ئۈمىد قىلغان ھاكىمىيەت گۈللىنىپمۇ كەتمەيدۇ!

مېنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم بىر جەھەتتىكى ئەنئەنە. بىراق بىز توغرا دەپ قارىغانلارنى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرلا تەتقىق قىلىپ كۆردى. بۇنداق ئىشلار دۇنيادا مەۋجۇت بولسىمۇ ئەمما جۇڭگودا گەۋدىلىكرەك، يەنى ئەدەبىياتنى چەتكە قاقىدىغان، كەمسىتىدىغان، ئەدەبىياتقا سەل قارايدىغان، ئەدەبىياتقا گۇمان قىلىدىغان ئەنئەنىلەر ئوخشاشلا مەۋجۇت. بۇنداق ئەنئەنىلەرنىڭمۇ تارىخى ئۇزۇن. گەرچە بۇنداق ئەنئەنە يوشۇرۇن بولسىمۇ بىز ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ نېمىگە ئاساسلىنىدىغانلىقىنى تاپالمايمىز، شۇنداقتىمۇ بۇ ئەنئەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

قەدىمدىن ھازىرغا كەلگىچە، جۇڭگو ئەدىبلىرىدە مۇنداق بىر قاراش بار. مەسىلەن، يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلارنى، شېئىر يازىدىغانلارنى ياكى ھېكايە تۇرىدىكى ئەسەرلەرنى يازىدىغانلارنى «ھەقىقىي ئەركەكلەر بۇنداق تۈتامى يوق ئىشلارنى قىلمايدۇ» دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھېكايە توقۇيدىغان كىشىلەر باغرى يۇمشاق، مېھرىبان، ھېسسىياتچان كېلىدۇ. باشقىلارغا بۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. تىجارەت قىلسا قاملاشتۇرالمايدۇ، توپ تېپەلمەيدۇ، سايلام رىقابەتلىرىگە قاتناشسا چۈشۈپ قالىدۇ، نەچچە ئون يىلدا مائاشىمۇ بىر دەرىجە ئۆسمەيدۇ، بۇ كىشىلەر ئادەمگە خۇددى ھېكايە يېزىش، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن يارالغاندەكلا تۇيغۇ بېرىدۇ.

فرانسىيەدە چىقىدىغان «دۇنيا گېزىتى» پۈتۈن دۇنيادىكى 1000 يازغۇچىدىن «سىز نېمە ئۈچۈن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟» دەپ سوئال سورىغاندا، 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدىكى پېشقەدەم يازغۇچىلار ئەڭ ئەستايىدىل جاۋاب بەرگەن. مەسىلەن، باجىن ئەپەندى ناھايىتى ياخشى جاۋاب بەرگەن. ئۇ مەن ياش ۋاقتىمدا، جەمئىيەتنىڭ نەقەدەر قاراڭغۇلۇقىنى كۆرۈپ يېتىپ، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئۇرۇشقا قارشى تۇردۇم دېگەن. باجىن بوۋاي ناھايىتى سەممىي گەپ قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ گېپى ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، مافېڭ ئەپەندى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: مەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە قەلىمىم بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە مەدھىيە ئوقۇدۇم. بىراق، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ يازغۇچىلىرى تازا ئەستايىدىل جاۋاب بەرمىگەن، چاقچاق تەرىقىسىدە جاۋاب بەرگەن، ئەنگلىيىنىڭ ناھايىتى مەشھۇر ئايال يازغۇچىسى دورىس. رايىسن: «چۈنكى مەن دېگەن يېزىقچىلىق قىلىدىغان مەخلۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۆتكەن يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى گېرمانىيىلىك يازغۇچى گونتىر. گراس: «چۈنكى مەن يېزىقچىلىقتىن باشقا ھېچنېمىنى قىلىپ قاملاشتۇرالمىدىم» دەپ تولىمۇ قىزىقارلىق جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ جاۋابىدىمۇ خېلى ھەقىقەت بار. ناۋادا ئۇ پۇتبول چولپىنى بېكخام بولغان بولسا، ئۇنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشى ھاجەتسىز ئىدى. ئەگەر ئۇ گېرمانىيىنىڭ زۇڭتۇڭى، زۇڭلىسى ياكى شىمېنزى ئېلېكترون شىركىتىنىڭ باش لىدىرى بولغان بولسا، ئۇ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىغان بولاتتى. دېمىسىمۇ باشقا ئىش قىلىش قولىدىن كەلمىگەچكە يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان گەپ. ئەگەر ھولليۇودنىڭ چولپىنى بولغان بولسا، ئۇنىڭ كۆلكىسىمۇ چوڭ خەۋەر ھېسابلىنىشى، ئۇنىڭ يېزىقچىلىق قىلغىنىدىن قۇلايلىقراق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يېزىقچىلىقنى تۆۋەن كۆرىدىغان، مەسخىرە قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەر، ھەرىكەتلەر مەندىمۇ ئاز ـ تولا بار.

مەن ئامېرىكىدىكى بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا زىيارەتتە بولدۇم ھەم لېكسىيە سۆزلىدىم. ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى بىر دوستۇم ماڭا: «سىز ئامېرىكىلىقلارغا ئۆزىڭىزنىڭ كەسپىنى تونۇشتۇرغاندا ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنىڭ يازغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتماڭ، چۈنكى ئامېرىكىدا ھەرقانداق بىر ئادەم يېزىقچىلىق قىلالايدۇ، بىر يازغۇچى بىر Writer، Writer دېگىنىمىز يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن بولىدۇ، ھەرگىز يازغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، پەقەت خەنزۇ تىلىدىلا بۇ مەنە چىقىدۇ» دېگەن. مەن شىنجاڭدا ئەمگەك بىلەن چېنىقىۋاتقاندا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىۋالغاچقا، خەلق گۇڭشېسىدىكى ئەزالارنىڭ ئەمگەك نومۇرىنى خاتىرىلەشكە بەلگىلەندىم. بايقىشىمچە، ئۇيغۇر تىلىدىكى يازغۇچى بىلەن نومۇر خاتىرىلىگۈچى دېگەن بىر گەپ ئىكەن. بۇ يەنە ئائىلىگە ۋاكالىتەن سالام خەت يېزىپ بەرگۈچى ياكى پوچتىخانىلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ خەت بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن خەت يېزىپ بەرگۈچى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ھېلىقى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق دوستۇم ماڭا ئەگەر ئۇنىۋېرسىتېتتا قوشۇمچە ۋەزىپىڭىز بولسا، ۋەزىپىڭىزنى تونۇشتۇرۇڭ، ئەگەر مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىدە

ئىشلىگەن بولسىڭىز شۇ يەردە ئىشلىگەن ئىشلىرىڭىزنى دەڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئۇلار سىزنىڭ مۇقىم كەسپكە، مۇقىم كىرىمگە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىدۇ، ئۆزىڭىزنى پەقەت بىر يازغۇچى دېسىڭىز ئامانەت كرېدىت كارتا شىركىتى سىزگە كرېدىت كارتا بەرمەيدۇ، كىم بىلىدۇ سىزنىڭ ئۇ ئەسىرىڭىز پۇلغا يارامدۇ ياكى ئۆزىڭىز پۇل تۆلەپ چىقىرامسىز؟ ئۆزى پۇل تۆلەپ كىتاب چىقىرىدىغان ئىشلارنى ئاز دەمسىز؟ دەپ تەكلىپ بەرگەن.

مەن يازغۇچى، ئەدەبىلەرگە پايدىسىز، خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن يەنە بىرمۇنچە مىساللارنى كەلتۈرەلەيمەن. مەسىلەن، «ئەدىبنىڭ كەسپى بولمايدۇ»... بۇ دېگەنلىك بەزى ئەدىبلەر ئىش قىلماقچى بولسا پرىنسىپسىز، قائىدىسىز كېلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. يەنە «قەلەمكەش چۇپرەندە»، «قەلەمكەش قەلەندەر» دېگەن سۆزلەرمۇ بار. ئەدەبىيات ئۈچۈن شاپاشلاپ يۈرىيدىغانلار «چۇپرەندە، قەلەمكەش» دەپ ئاتالسا، ئەدەبىيات ئۈچۈن غۇربەتچىلىكتە ياشاپ، باشقىلاردىن پۇل سوراپ ئۆتىدىغانلار «دىۋانە قەلەمكەش» دەپ ئاتىلىدۇ. بىز بۇ يەردىن بۇنىڭ يوشۇرۇن ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مىسال «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدا ئۇچرايدۇ، شۆ باۋسەي لىن دەيىۋ بىلەن قەلب ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت باغرىدىكى گەپنىڭ بارنى تۆكۈش تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ، بۇ تەربىيە: ئەدەبىياتتىن يىراقلىششتۇر. چۈنكى لىن دەيىۋ ئالدىنقى كۈنى ھاراق تۇتۇش ئويۇنىدا، تۇيۇقسىز «مۇدەن راۋىقى»، «غەربىي ھۇجرا خاتىرىسى» دىكى بەزىبىر گەپلەرنى يەنە «گەرچە ھازىر ناھايىتى پەيزى سۈرىدىغان ۋاقىت بولسىمۇ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا نە ئىلاج، دېرىزە تۈۋىدە شۇ جانانىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ» دېگەن سۆزلەرنى قىلغاندا جىياباۋيۇ ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۆباۋسەي ئىككىنچى كۈنى ئۇنى تېپىپ ئىككىسى يالغۇز قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: «سىز ماڭا تىزلانمامسىز؟ مەن سىزنى سوتلايمەن!» دەيدۇ. لىن دەيىۋ: «مېنى نېمىگە سوتلايسىز؟» دەپ سورىغاندا، شۆباۋسەي: «سىز تۈنۈگۈنكى ھاراق تۇتۇش ئويۇنىدا قىلغان ئىككى ئېغىز گەپنى نەدىن تاپتىڭىز؟» دەيدۇ. لىن دەيىۋ بۇنى ئاڭلاپ «ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى، ھېلىقى «مۇدەن راۋىقى»، «غەربىي ھۇجرا خاتىرىسى» دەپ ئىككى ئېغىز پارالىق سالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈزى ئوت ئېلىپ كېتىدۇ». كىتابتا شۆباۋسەي ئىچ باغرىنى تۆكۈش تەربىيە مەنزىرىسىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ چىققان.

«شۆباۋسەي ئۇنى كۆرۈپ (لىن دەيىۋنى دېمەكچى) نومۇستىن يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، داۋاملىق سوئال سوراشقا پېتىنالمىدى، ئۇنى ئولتۇرۇپ چاي ئىچىڭ دەپ ئۇنىڭغا: سىز مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟ مەنمۇ بەك كەپسىز ئىدىم، يەتتە، سەككىز ياش ۋاقتلىرىمدا باشقىلارنىڭ كەينىدىن چىقمايتتىم، بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىلەردىن ھېسابلىناتتى. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. ئۇلاردا نۇرغۇن كىتابلار بار ئىدى، ئائىلىدە جان سانىمىز كۆپ ئىدى. ئاكا - ئىنى، ھەدە - سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسى كىتاب كۆرۈشتىن قورقاتتى. ئاكا - ئىنىلىرىم شېئىرلارنى ياخشى كۆرەتتى. مەسىلەن، «غەربىي ھۇجرا خاتىرىلىرى»، «بارىبىت خاتىرىلىرى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى، ئۇلار يادا ئالسا بىز ئوغرىلىقچە ئاڭلايتتۇق. بىز يادا ئالساق ئۇلار ئوغرىلىقچە ئاڭلايتتى، كېيىن چوڭلار بىلىپ قېلىپ، بىزنى ئۇرۇپ - تىللاپ، كۆيدۈرىدىغانىنى كۆيدۈرۈپ، ھەممىنى يوقاتتى. شۇڭا قىزلار ئەڭ ياخشىسى خەت تونۇمىغىنى تۈزۈك. ئەرلەر كىتاب ئوقۇپ دانا بولالمايدۇ. كىتاب ئوقۇغىنىدىن ئوقۇمىغىنى ياخشى، سىز بىلەن مەنمۇ شۇ؟ ھەتتا شېئىر يېزىش، خەت يېزىش قاتارلىق ئىشلار سىز بىلەن مېنىڭ زىممەمدىكى ئىشلار ئەمەس، شۇنداقلا بۇ ئەرلەرنىڭ زىممىسىدىكى ئىشمۇ ئەمەس. ئەرلەر كىتاب ئوقۇپ دانا بولسا، مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، خەلقنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئادەملەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىدۇق. ئۇلار كىتاب ئوقۇغانسېرى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. كىتاب ئۇلارنى كاردىن چىقارمىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇلار كىتابنى ئاياغ ئاستى قىلدى. شۇڭا يەر تېرىپ، ئېلىپ - سېتىپ، تىجارەت قىلغانغا يەتمەيدۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق چوڭ زىيىنى يوق. سىز بىلەن مەن يىپ ئىگىرىش، يىڭنە ئىشى دېگەندەك ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك». شۆباۋسەينىڭ گەپلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق. ئاتالمىش ئۆلچەملىك كىتاب دېگىنىمىز تۆت

2007



داڭلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ

كىتاب، بەش دەستۇرنى، ھېلىقى ئۆلچەمسىز «غەربىي ھۇجرا خاتىرىلىرى»، «باربىت خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابلار ئەينى ۋاقىتتىكى بىر مۇنچە ناخشا ـ مۇزىكىلارنى كۆرسىتىدۇ. چوڭلار بىلىپ قېلىپ، ئۇرۇپ ـ تىللاپ، كۆيدۈرىدىغاننى كۆيدۈرىۋەتتى. شۆباۋسەينىڭ ئېيتقانلىرى ناھايىتى قورقۇنچلۇق. «غەربىي ھۇجرا خاتىرىلىرى»، «باربىت خاتىرىلىرى» دېگەنلەر ھازىر قارىماققا سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تازىلاش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئەمما چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا شۆباۋسەيلەرنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى بۇ كىتابلارغا خۇددى سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تازىلىغاندەك تەدبىر قوللانغان. ئۇرۇپ ـ تىللاپ دېگىنى ئادەمنى، كۆيدۈرۈش دېگىنى كىتابنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئەدەبىي كىتابلارنىڭ قانچىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۆباۋسەينىڭ گېپى مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: «ئەڭ قورقۇنچلۇقى نەسرىي كىتابلارنى كۆرۈش، جىنسىي تەبىئىتى ئۆزگىرىپ كەتسە قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ». بۇ گەپ ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە بارىكاللا ئېيتىش بولۇپ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ ھەم ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. دېمەكچى بولغىنى، بۇ تۈردىكى كىتابلارنى جىق كۆرسە، جىنسىي تەبىئىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئۇنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمايدۇ، دېگەنلىك.

70 ـ يىللاردا مەن شىنجاڭدىكى بىر گۇڭشېدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم ھەم سۇ ھەيئىتى ئىدىم. ئۇ چاغدا گۇڭشې سىنىپىي قوشۇننى تازىلايمىز دەپ، بىر ئۇيغۇر زىيالىي ياشنى ئوتتۇرىغا تارتىپ ئەپچىقتى. بۇ ياش ئادەتتىكى چاغدا ئوقۇيدىغان بىر مۇنچە رومانلىرىنى ئەترەتكە تاپشۇردى. كىتابلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت نەشرىياتىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى رومانلار ئىدى. ئەترەتنىڭ ياچېيكا شۇجىسى ئىنتايىن ياخشى ئادەم ئىدى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ياشقا تەربىيە بېرىپ: «ئۇكام، بۇ كىتابلارنى ئەمدى كۆرمە، بۇلارنى كۆرسەڭ ئىدىيەڭ قالايمىقانلىشىپ ئۆزگىرىپ كېتىسەن، سەن ئۆزگىرىپ كەتسەڭ بىز ئامال قىلالمايمىز. ئاۋارىچىلىك كۆپ بولىدۇ، كىم بىلىدۇ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئاۋارىچىلىكلەر چىقىدۇ» دەيدۇ. مەن ياندا تۇرۇپ ئاڭلاپ، جۇڭگولۇقلار ھەقىقەتەن ھەممىنى ئۇستازىدىن ئۆگىنىۋالالايدىكەن، ئەدەبىي كىتابلار ئادەملەرنى كاردىن چىقىرىدۇ، بالىلارغا خەۋپلىك دەيدىغان قاراش شۆباۋسەيدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى خەت تونۇمايدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپتۇ، دەپ ھېس قىلدىم.

قەدىمدىن ھازىرغا كەلگىچە بىزدە مۇنداق بىر قاراش بار: دوفۇ لى بەي ئۇستىدە توختالغاندا: «ئەسەر بەك كاتتا يېزىلىپ كەتسە ئاپتورنىڭ تەقدىرى كاج بولۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى. لى شاڭيىنمۇ: «تۈز ئەمەسكەن ھېچ قەلەمكەشنىڭ يولى» دېگەن. ئادەمنىڭ تەقدىرى بەك ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتسە ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالمايدۇ، ئەمما كاتتا ئەسەرلەرنى يازغانلارنىڭ تەقدىرى ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى تولىمۇ قىيىن تاللاشتۇر. ئەسەر يازىدىغان ئادەم قانداق قىلسام تېخىمۇ ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقارمەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ھېچكىم ئۆز تەقدىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئەدەبىياتنى تۆۋەن كۆرىدۇ، ئۇنى چەتكە قاقىدۇ، ئەدەبىياتنى گۇمانىي نەرسە ۋە خەتەرلىك ئامىل، ئىشەنچىسىز، ئادەملەرنىڭ تەقدىرىگە خەۋپ، كاشىلا ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ بەزىبىر ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن بۇنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ باقايلى:

ئالدى بىلەن شۇنى چۈشەندۇرۇۋېتەي، يۇقىرىدا دې-
يىلگەنلەر جۇڭگو جەمئىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان
شېئىر ۋە نەسرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. جۇڭگـودا،
بولۇپمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە، شېئىر ۋە نەسر بىر قەدەر
يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شېئىر، بولۇپمۇ نەسر
كېيىن كېجۇ تۈزۈمى (قەدىمكى فېئوداللىق ئىمتىھان تۈ-
زۈمى) تۈرلىرىگە قېتىلىپ، ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەل-
گىلەيدىغان بىر مۇھىم ئىلمىي تېمىغا ئايلاندى. ئىلگىرىكى
كېجۇ تۈزۈمى ھازىرقى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش
بىلەن ئوخشمايدۇ، «ئۈچكە × نى قوشسا» نېمە بولىدۇ
دېگەندەك... ئۇ بىر پارچە ئەسەردۇر، كەڭ مەنـــدىن
ئېيتقاندا، ئاساسىي جەھەتتىن بىر پارچە نەسر، بىر پارچە
مۇھاكىمە ماقالە، بىر پارچە سىياسىي مۇھاكىمە، ئاتالمىش
«تاكتىكا». شۆباۋسەيدىن ھېلىقى ئەترەتنىڭ شۇجىسىغى-
چە، ئۇلار ئېيتىۋاتقان مەسلە، جىنسىي تەبىئىتىنىڭ ئۆز-
گىرىپ كېتىشى، كىشىنى قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان ھالـغا
چۈشۈرۈپ قويغان ئاشۇ ئەسەرلەر ئاساسەن رومان ۋە
كومېدىيىلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، رومان ۋە كومېدىيە
خەلق ئارىسىدا، كوچا-كويلاردا ئېقىپ يۈرىدۇ، ئەمەل-
دارلارنىڭ ياۋا تارىخى، ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار، كوچا
پاراڭلىرى ھەرگىزمۇ ئەدەبىياتنىڭ كاتتا سارايلىرىـــدىن
ئورۇن ئالالمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر جەمئىيەتنىڭ تىنچسىزلىقىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نېمە ئۈچۈن بىر مۇنچە بەس-مۇ-
نازىرىگە سەۋەب بولىدۇ؟ مەن مۇنداق قارايمەن:

بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات خاسلىقىنى ۋە ئىجادىيلىـقـنى
تەكىتلەيدۇ. مۇنداق بولغاندا شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەت-
پەرەسلىك بىلەن غەيرىي ئاممىۋى ئالاھىدىلىكلەر باش كۆتۈرۈپ قالىدۇ، ناۋادا سىز مەلۇم
بىر رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىڭىزگە ئالغان بولسىڭىز،
پاراڭ سالغاندا ئاساسى بار گەپلەرنى قىلىسىز، ھەرگىز
ئۆزىڭىزنىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرى بويىچە نېمىنى ئويلى-
سىڭىز شۇنى دېمەيسىز. دۆلەتنىڭ قانداق سىياسەتلىرى
بار، ئالاقىدار قانۇنلاردا قانداق بەلگىلىمىلەر بار، جەمئى-
يەت ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆلچەم نېمىلەر؟ دېگەنلەر كۆڭ-
لىڭىزدە ناھايىتى ئايدىڭ بولغان بولىدۇ. بىر ئوقۇغۇچى
ياخشى ئۆگەنمىسە، ئۇنىڭدىن قاتتىق غەيرەتكە كېلـىـپ
ياخشى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى بۇ
جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆلچەمگە ئۇيغۇن، بۇنىڭ
ئەكسىچە پاراڭ قىلسىڭىز بولمايدۇ. بىراق يازغۇچىـنىـڭ
ئىجادىيىتىدە، ئەڭ قورقۇنچلۇقى يازغان ئەسىرى باشقى-
لارنىڭكى بىلەن ئوخشاپ قېلىش، دېگەن گەپلىرى راست
چىقىپ قېلىش. سىز بىر ھېكايىنى يېزىپ چىققاندا باشقىلار
بۇنى كۆرۈپ، پاھ، بۇ ھېكايە ناھايىتى ياخشى ئىكەن،
بەك ئاساسى بار ئىكەن، باشقىلارمۇ مۇشۇنداق يازغان
ئىدى دەپ قالسا، بۇ كۆچۈرمىچىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ.
ئەڭ بولمىدى دېگەندە تەقلىدىي نەرسىگە ئايلىنىپ قال-
دۇ. ئىجادىيلىقى يوق ياكى ناھايىتى ئۆلۈك، يېڭىلىق يوق
دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا بارلىق ئىجادىيەتنىڭ ھەممىسى مۇ-
ئەييەن تەۋەككۈلچىلىك تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. ئاتالمىش
ئىجادىيەت دېگەن باشقىلار تېخى يېزىپ باقمىغان نەرسە
بولۇش كېرەك. ئەگەر ھەممەيلەننىڭ يازغىنى ئوخشاش
بولۇپ قالسا، ئۇ ئىجادىيەت ھېسابلانمايدۇ. باشقـىـلار
ئۇنداق دورامچىلىق قىلمىغان بولسا خەۋپلىك بولـىـدۇ.
نېمە ئۈچۈن خەۋپ-خەتەر بولىدۇ دەيمـىـز؟ چۈنـكى
باشقىلار ئېتىراپ قىلماسلىقى، سىزنىڭ يازغىنىڭىزنى ياخ-
شى ئەمەس، توغرا ئەمەس ياكى قانداقتۇر بىرەر مەسلە
بار دەپ قارىغانلىقىدا بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات، بولۇپمۇ، پروزا ۋە كومې-
دىيىلەردە ئۇ بەلگىلىك ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئىپادىلىگەن
بولىدۇ. بۇمۇ ئەدەبىياتنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئالاھىدى-
لىكى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خىلمۇخىل ئۆرپ-
ئادەتلەرنى، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئارزۇ-تەلەپلىرىـنى
كۆرىدۇ. ھالبۇكى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئارزۇ-تەلەپلى-
رىنى، كىشىلەر ۋۇجۇدىدىكى ھەر خىل ئۆرپ-ئادەتلەرنى
تەسۋىرلەپ يېزىش بەزى ھاللاردا قوشۇمچە رول ئوينايى-
دۇ. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا كەلگىچە جۇڭگودا
تازا ياخشى ئەمەس ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئەيىبلەيدىغان
ئىش بار، ئۇ «بۇزۇقچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلىشقا ئۆگى-
تىدىغان» ئەسەرلەرنى ئەيىبلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئاتالمىش
بۇزۇقچىلىققا ئۆگىتىشنى ئاددىي قىلىپ ئېيتساق ھـازىـر
دېيىلىۋاتقان جىنسىيەت تەسۋىرىنى يېزىشنى، ئوغرىلىققا
ئۆگىتىش دېگىنىمىز، ھازىرقى زوراۋانلىقنى يـېـزىـشـنى
كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ ئاممى-
باب، بازارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردە، سىز ئادەملەرنىڭ بۇ
خىل ئارزۇ-تەلەپلىرىنى، يەنى جىنسىيەت ۋە زوراۋان-
لىقلارنى، بەزى جىنايەت ۋەقەلىكلىرىنى تەسۋىرلەپ يې-
زىشنى مۇتلەق ئىنكار قىلالمايسىز، ئۇرۇشتىمۇ زوراۋانلىق

بولىدۇ، چامباشچىلىقتىمۇ زورلۇق كۈچ بولىدۇ. زورلۇق كۈچ بولمىسا چامباشچىلىق نەدىن كېلىدۇ، شۇڭا ئەدەبىيات ئۆزىنى ئۈنچە پاكىز دەپ ئېيتالمايدۇ. بىز ئۇنداق پەسكەش سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنىڭ داڭگىرىسىگە كىرىدىغان ئەخلەت ئەدەبىياتنى دېمىسەكمۇ بەزىبىر جىددىي، بىر قەدەر ياخشى، خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىمۇ بۇنداق نەرسىلەر ئۇچرايدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىمۇ بۇنداق مەزمۇندىكى نەرسىلەر بار. مېنىڭچە، بۇ رومان ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆرۈشىگە تازا باپ كەلمەيدۇ. ئەگەر نەۋرەم بۇ رومانىنى ئوقۇيمەن دېسە مەن تولىمۇ تەڭلىكتە قالىمەن. ئۇنىڭ ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلايمۇ ياكى رۇخسەت قىلمايمۇ؟ مەن ئائىلىمىزدە بىر قېتىم سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تازىلاش ئېلىپ باردىم، بۇمۇ تازا ياخشى ئۇسۇل ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» دېگەن بۇ رومان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر. مەن بۇ رومانىنى تەتقىق قىلىپ نۇرغۇن ماقالە يازدىم، ئەگەر بوپتۇلا ئوقۇسۇن دەي دېسەم رومانىدىكى بەزىبىر باب، پاراگرافلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ئۆسمۈرلەر ئوقۇسا زەھەرلىنىپ قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. بىراق سىزنىڭ بۇلارنى سۆزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ ئايدىڭلاشتۇرمىقىڭىز ناھايىتى قىيىن. ناھايىتى نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەردە بۇنداق نەرسىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. جياپىڭۋانىڭ ئەسەرلىرىمۇ شۇ. جياپىڭۋا ئەسلىي ناھايىتى ياخشى يازغۇچى ئىدى، نەۋرەم كۆرسە يامان تەسىر بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ھازىر ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تىقىپ قويىدىغان بولدۇم.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچىلار كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، كىشىلەرنىڭ نالە ـ زارلىرىنى يازغاندا، بەزىدە ھەرگىز ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە يازمايدۇ. ئەدەبىيات مەلۇم جەھەتتە ئەخلاقتا بولغان ئىككى قىرلىق پوزىتسىيىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەخلاق بىلەن ئىنسان تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدا ئەدەبىيات ھەمىشە ئىنسان تەبىئىتىگە مايىل كېلىدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى قانچىلىغان مەشھۇر ئەسەرلەر دەسلەپتە ئېلان قىلىنغاندا ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە چۈشمەيدۇ، دەپ قارالمىدىمۇ؟ جوڭگودىكى بىر قانچە چوڭ ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرى، فرانسىيىدىكى ئېمىل زولانىڭ ئەسەرلىرى، ئىرېلاندىيىلىك يازغۇچى جامىس جويىسنىڭ «يولىشىس» دېگەن ئەسەرلىرى جەمئىيەت ئەخلاقى تەرىپىدىن كۈچلۈك ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىمىدىمۇ؟ بىزنىڭ «نىكاھ قانۇنى»مىز ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئائىلىنىڭ مۇقىمسىزلىقى جەمئىيەتنىڭ مۇقىمسىز بولۇشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك جىنايەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇقىم ئائىلىنىڭ ھەرقانداق بىر جەمئىيەتكە پايدىسى تېگىدۇ. بىراق ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاپتورلار ھەمىشە ئائىلىق ياكى ئائىلىسىز ھالدا نىكاھ سىرتىدىكى مۇھەببەت قاتارلىق جەمئىيەتتە ئېتىراپ قىلىنغىلى بولمايدىغان ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىگە مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇرۇپ رەڭ بېرىپ، ھېسداشلىقنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. بىر ئادەم ئوغرىلىق جىنايىتى سادىر قىلسا، رىجىمغا ئېلىنىشى، جەرىمانە قويۇلۇشى كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم قاتىللىق قىلسا ياكى باشقىلارنى زەخمىلەندۈرسە، قاتتىق جازاغا تارتىلىشى كېرەك. بىراق ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بەزى ھاللاردا مەلۇم بىر جىنايەتچىگە ياكى مەلۇم بىر مەسىلىسى بار ئادەمگە ھېسداشلىق قىلىپ قويىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات ھەمىشە ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇش، كۈشكۈرتۈش خاھىشىغا ئىگە كېلىدۇ. ئادەتتىكى نورمال ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا، ھېسسىيات بىر خىل كونترول ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەگەر ھېسسىيات دائىم كونترولسىز ھالەتتە تۇرسا، ئىنتايىن خەتەرلىك. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدۇ، بىراق ئەدەبىياتتا، بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنىڭ تۇرتكىسىدە قىلغان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تۇيغۇسى چىن، ئۇ راستتىنلا ھاياجانلانغان. دېمەك، ئۇ نورمال تۇيغۇدىكى ئادەمدۇر. ئەگەر بىر ئەمەلدار ئاممىۋى سورۇنلاردا ھاراق ئىچىپ يۈرسە كىشىلەرنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قالىدۇ. ئامېرىكىدىمۇ شۇنداق. ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئايروپىلانغا چىققاندا مەست بولۇپ قېلىپ ساراڭلىق قىلغاندا، كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ مەنسىپىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان. بىراق ئەدەبىياتچىلار، ئاتالمىش ھېسسىيات تېپىدىكى كىشىلەر مۇنداق ئىشلارنى قىلسا ھەمىشە قىزىق پاراڭغا ئايلىنىپ ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ

يۇرىدۇ. جۇلىندىكى يەتتە ئەۋلىيا، بىر مەست بولغانچە نەچچە كۈنلەرگىچە يېشىلمىدى، ئۇ ھاراق دېگەننى سۇدەك ئىچكەن بىلەن ئاجايىپ كۆتۈرۈپ قوياتتى، شېئىرىي تالانتىمۇ ھېچنېمىگە توغرا كەلمەيتتى... دېگەن گەپلەر قىزىق پاراڭغا ئايلىنىپ كەتكەن، بۇ يوللۇق بولۇپ قالغان. ۋەھالەنكى، بۇ خىل قويۇق ھېس ـ ھاياجان ۋە ئەقلىي ئىدراكنى كونترول قىلىش كەمچىل بولۇش ھەمىشە دېگۈدەك جەمئىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. بىز داۋاملىق دېگۈدەك يازغۇچى، شائىرلارنىڭلا ئەمەس، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭمۇ تولا چاغلاردا ھېسسىيات بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، گەپلەرنى كۆپتۈرۈپ، ئاشۇرۇپ قىلىدىغانلىقىنى، ئىش بېجىرىشتە تازا ئىشەنچسىز كېلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل تەسىرنىڭ ئاساسى بار. ئەدەبىيات كۈچلۈك ئىپادىلەش كۈچىگە، سەپەرۋەر قىلىش كۈچىگە ئىگە، ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان كىشىلەر ھېسسىياتقا باي، ئىچكى دۇنياسى مول كېلىدۇ، ھەرگىز قاغجىراپ كەتكەن بولمايدۇ.

ئەدەبىيات ھەمىشە ئادەملەرنىڭ غايىسىنى تېخىمۇ كۈچەپ رەڭ بېرىپ كۆرسىتىدۇ، غايىگە گەپ كەتمەيدۇ، ئۇ ئىنتايىن گۈزەل. شۇڭا ئەدەبىيات كۆپ ھاللاردا رېئاللىقتىكى تۈرلۈك شەيئىلەردىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ، ھەر خىل نارازىلىقلىرىنى، تەنقىد ـ تەۋسىيىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، كۇڭزى ئىنسانلار شېئىر ئارقىلىق گۈللەپ راۋاج تاپسا، دۇنيانى چۈشەنسە، ئىتتىپاقلاشسا، ھەسرەتلىرىنى ئىپادىلىسە بولىدۇ، دېگەن. «ھەسرەتلىنىش» دېگەن نېمە؟ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ غۇدىراش، دېگەنلىكتۇر! ناھايىتى نۇرغۇن يازغۇچىلار غۇدۇراشقا تولىمۇ ماھىر. ئەدەبىيات دۇنياسى بىر تەسەۋۋۇر دۇنياسى بولغاچقا، بۇنىڭغا ساپلىق، سەممىيلىك، راستچىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك، شۇنىڭدەك دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەر، ئەڭ پاك، بىغۇبار نەرسىلەر مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. بىراق سىز رېئال تۇرمۇش قوينىدىكى نەرسىلەرنى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پاك نەرسىلەر بىلەن ئۆلچىگەچكە، رېئاللىقتىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان، ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئەدەبىياتتىكى بۇنداق بىر خىل تەنقىدىي پوزىتسىيە ياكى تەنقىدىي گەپلەرنى قىلىش ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر. بۇ بەزىدە كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ، ھەتتا ئۇلارنى بۇ يازغۇچىلار زادى نېمىش قىلىدۇ؟ جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرماقچى ياكى ئۇلارنىڭ باشقا مۇددىئا ـ مەقسەتلىرى، تاپتىن چىقىش ئويى بارمۇ، دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ...ۋەھاكازا. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتساق، ئەدەبىياتنىڭ تەنقىدىي رولىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش، ئەدەبىياتنىڭ تەنقىدىي رولىغا چوقۇنۇشمۇ بەدىلى تۆۋەن بىر ئارزۇدۇر. ئەدەبىيات بىلەن جەمئىيەتنى تەنقىدلەشنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى سېلىشتۇرساق بەك ئاسان بولۇپ كېتىدىغۇ دەيمەن؟ بىر غايىۋى دۆلەتنى تەسۋىرلەش بىلەن بىر غايىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، ئوخشاش ئەھمىيەتكە ياكى ئوخشاش قىيىنغا توختامدۇ؟ بىر مۇھەببەت تراگېدىيىسىنى توقۇپ چىقىش بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك بىر سۆيگەن يارغا ئېرىشىش سىزدىن خېلىلا بەدەل تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ رولىنى ئارتقۇزالمايدۇ، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ.

بەشىنچىدىن، بىر مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەردە، چەكسىز كائىناتقا، چېكى يوق ۋاقىت ۋە بوشلۇققا قارىتا، بىر مۇنچە پاسسىپ، چۈشكۈن ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بۇمۇ قەدىمدىن ھازىرغا كەلگىچە كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئېلىپ قاچالمايۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھەرقانچە ياخشى دېگەن شېئىرلارمۇ ھازىرقى چۈشكۈن ئەسەرلەر بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ئالدىنقى تاڭ سۇلالىسىدىكى شائىر چېڭ زىئاڭنىڭ:

«باقمەن ئارقامغا، ئەجدادلار قېنى؟
باقمەن ئالدىمغا ئەۋلادلار قېنى؟
ئۇچ، چېكى يوقكەن جاھاننىڭ ئويلىسام،
تۆتى ھەسرەت يېنىغا قىستاپ مېنى!»

دېگەن مەشھۇر مىسرالىرى بار. بۇنى سىز ئاكتىپ كەيپىيات دېيەلمەيسىز، ئەمما بۇنىڭدا: «كۆپچىلىك ياخشى ئىشلەيلى، نامراتلىقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ، جەمئىيەتنى ئالغا يۈكسەلدۈرەيلى» دېگەندەك كۈچلۈك چاقىرىقلار يوق. ئەكسىچە، ئەدەبىيات ھامان ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىگە بىر مۇنچە سوئاللارنى قويۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بىز يەنە بىر جەھەتتىن بوشلۇق ۋە ۋاقىتنىڭ چەكسىزلىكىدىن ھاياتىمىزنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىمىز، بۇ بىزنى ئەركىنلىككە ۋە داغدام يولغا ئېلىپ چىقىشتىكى تۇنجى قەدەم.

ئالتىنچى، ئەدەبىيات ئىدىيىۋى خاھىش جەھەتتە مەسىلىلەرنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالىغان بىلەن، ئۇنىڭغا

ىنچىكە جاۋاب بېرىدىغانغا ماھىر ئەمەس. ئەدەبىيات ئەزەلدىنلا بىر خىل مۇجمەللىككە ئىگە. سىز بۇنداق چۈشەندۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۇنداق چۈشەندۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز ئۇنىڭدا مەسىلە بار، دەپ چۈشەندۈرسىڭىز، شۇ ھامان مەسىلە چىقىدۇ، سىز ئۇنىڭدا مەسىلە يوق، دەپ ئىزاھلىسىڭىز، مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئىشلارغا بىز ئازادلىقتىن كېيىن ناھايىتى كۆپ يولۇقتۇق، كىشىلەر ئاددىي، ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىپ ئادەتلەنگەن شارائىتتا، ئەدەبىيات تازا يارقىن ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىمۇ شۇنداق. چۈشكە ھەممە ئادەم ئۆز ئالدىغا تەبىر بېرىدۇ. لىن دەيۈنى ھىمايە قىلىدىغانلارمۇ، شۆباۋسەيگە قارشى تۇرىدىغانلارمۇ چىقىدۇ. شۆباۋسەينى ساختا، ئىككى يۈزلىمچى دەپ تىللاپ رەسۋايىنى چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۆباۋسەي بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشىلار ياكى ئاشۇ خىل خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر ئۇنى شۇ قەدەر ناچار، ۋاڭ فۇرىن ئەۋەتكەن جياباۋيۈنىڭ يېنىدىكى ئىشپىيون دەيدۇ. بۇنداق قاراشلار ناھايىتى كۆپ. ئەلۋەتتە، شۆباۋسەينى ھىمايە قىلىدىغانلارمۇ بار. يەنە بەزىلەر: «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇپ، مىن سۇلالىسىنى تىرىلدۈرۈشنى تەرغىپ قىلماقچى، بۇنداق دارىتمىلارنى روماننىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. جياباۋيۈ ئەڭلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، لەۋلىرىنى دائىم قىپقىزىل بوياۋالىدۇ. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ جياباۋيۈنىڭ لىۋىدە پادىشاھنىڭ تامغىسى بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەڭلىك دېگەن پادىشاھنىڭ تامغىسى. «گۈزەل مەلىكە» دېگەن نېمە مەنىدە؟ «گۈزەل مەلىكە» دېگەن ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىم كىيگۈچى دېگەن بولۇپ، پادىشاھ ئوردىسىدىكى مۇھىم كىشىلەر. بۇ قاراشنى ئادەتتىكى ئادەملەر ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ، بەزىلىرىنى جى يۈەنپې ئوتتۇرىغا قويغان. جى يۈەنپې دېگەن چوڭ شەخستە! ماۋجۇشى زامانىسىغا كەلگەندە ئۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» دېگەن رومان سىنىپىي كۈرەشنى، يەنى جيا، ۋاڭ، شى، شۆ قاتارلىق تۆت چوڭ جەمەتنىڭ ھالاكەتلىك تارىخىنى يازغان دەپ قارىدى. 4 ـ باب پۈتۈن كىتابنىڭ جېنىدۇر. ئاندىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ نۇرغۇن ئادەملەر جېنىدىن جۇدا قىلىندى. ئائىلىلەردىكى ئىجارە تاپشۇرۇش ھېساب دەپتەرلىرى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلارنى ئېزىشتىكى قان ياشلىق ھېسابلىرى بىلەن تولدى. شۇڭا قىسمەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە (ھەممىلا ئەسەر بۇنداق ئەمەس) ئاخىرقى خۇلاسە ئوتتۇرىغا قويۇلماي، ئۆزىڭىزنىڭ ھەزىم قىلىشىغا، ئىزدىنىشىڭىزگە، تەھلىل قىلىپ پەرقلەندۈرۈشىڭىزگە قالدۇرۇلسا، كىشىدە مەلۇم گۇمان قوزغاپ قويۇشى، بۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بەك مۇرەككەپ ئىكەن، بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئاپتور زادى نېمە دېمەكچى؟ نېمە قىلماقچى؟ بۇ ئىلغارمۇ، ئەكسىيەتچىمۇ، ئىنقىلابىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ سولچىلمۇ ياكى ئوڭچىلمۇ؟ كىشىلەرنى ئالغا ئۈندەمدۇ ياكى كەينىگە چېكىندۈرەمدۇ؟ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئۆزىڭىزمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي قالىسىز. ئەدەبىيات مانا مۇشۇنداق مۇجمەللىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئەدەبىياتتىن تازا خاتىرجەم بولالمايدۇ، شۇنداقلا، ئەدەبىيات ئۆزىدىكى مۇشۇنداق مۇجمەللىك بىلەن كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ ھەم بارلىق ئاددىي ھۆكۈم چىقىرىشلاردىن تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە كېلىدۇ.

ئەدەبىيات ئەمەلىي بولماسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. نام ـ مەنپەئەت روھىي ھالىتى كۈچلۈك جەمئىيەتتە، ئەدەبىياتنىڭ ئەمەلىي بولماسلىقىنى كىشىلەر ئەيىبلەيدۇ. بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا، كىشىلەر بىر خىل ئىنتايىن كۈچلۈك نام ـ مەنپەئەت قوغلىشىش روھىي ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ. بىر ئادەم نېمە ئىش قىلماقچى بولسا، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. تىجارەت قىلسا تىجارەتتىن پۇل تاپسام دەيدۇ، بىرەر ئىش قىلسا، شۇ ئىشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازانسام دەپ ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك غەم ـ ئەندىشىلەردە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىر بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغاچقا كىشىلەر ئەدەبىياتقا ئۇنچە بەك كۆڭۈل بۆلمەيدىغاندەك، ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقاندەك قىلىدۇ. پروزا نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟ پروزىنىڭ پىۋىچىلىك رولى بارمۇ؟ قورسىقىڭىز ئېچىپ ئۇسساپ، چاڭقاپ كەتكەندە، بىر ئىستاكان پىۋا شۇ ھامان ئۇسسۇزلۇقىڭىزنى قاندۇرۇپ سالقىندىتىپ قويىدۇ. پىۋىنىڭمۇ باھاسى بار، ئۇنى تۈركۈم سانى بويىچە ئىشلەپ چىقىرىدۇ، شۇڭا بۇ خىل بازار ئىگىلىكى ھالىتىدە «تالىپلىق» ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، دەيدىغان قاراش

مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، يەنى ئەدەبىياتنىڭ ھېچقانچە چوڭ قىممىتى يوق دەپ قارىلىۋاتىدۇ.

مەن يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ماسلىششچانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتەي. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بۇ مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا بۇنى ئەدەبىياتتىكى خىرىس دېيىشكە بولىدۇ. ئەدەبىيات كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا خىرىسقا ئىگە مەسىلىلەرنى قويىدى. سىز بۇ مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلماقچى؟ مەسىلەن، ئارزۇ- ئىستەك بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. يەنە مەسىلەن، بىر خىل ئوبرازلىق تەپەككۇر... بۇ خىل ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاستىدا ئەقلىي ھۆكۈمنى قانداق چىقىرىسىز؟ ئۇنى قانداق خۇلاسىلەيسىز؟ يەنە مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ ھېس تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭ ئەقلىي ئىدراكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاتارلىقلار. ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇشبۇ بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى خىرىسقا تولغان بولىدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسى، كالليسىغا ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەدەبىيات كىشىلەرنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنى ئويغىتىدىغان نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەتتا بىز ئەدەبىيات ھەر خىل مەنىۋى ھادىسىلەر ئىچىدە ئەڭ يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە دەپ ئېيتالايمىز. نېمە ئۈچۈن ئەدەبىيات بۇ نەرسىلەرنى بەخش ئېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئەدەبىيات بۇ ئىسكەنجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇلار ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىدا بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بىر پۇرسەت، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ مەسىلىلەر قانچىلىك كۆپ بولۇپ كېتىشتىن قەتئىينەزەر، مەيلى جىباۋسەي بولسۇن ياكى ئەترەتنىڭ شۇجىسى بولسۇن ياكى بۇنداق قاراشلار قانچىلىك كۆپ بولسۇن، ئەدەبىياتنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشتەك يەنە بىر تەرىپىنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەتتا ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا گۇمان قىلىدىغان ئورۇنلۇق تەلىماتلارمۇ ئەدەبىياتنىڭ مەنىۋى تەسىر كۈچىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى مەنىۋى قىممەت بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېس تۇيغۇسى، روھىغا بولغان تەسىرىدۇر. ئەدەبىيات خىرىسقا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئىنتايىن «بىخەتەر» ۋە «قوللىنىش»قا ئىگە. شۇڭا ئەدەبىياتنى مەنىۋى تۇرمۇشتا خېلىلا ئېھتىياچان جەمئىيەتمۇ چەتكە قاقالماسلىقى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، ئەسەر بىلەن ئەسەر ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجابىي تەسىرمۇ، سەلبىي تەسىرمۇ بار. بەزىلىرىدە بەس- مۇنازىرە كۈچلۈك بولسا، بەزىلىرىدە سەل ئاجىزراق بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەر دەۋر ئېقىمىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بەس- مۇنازىرىسى ئاجىزراق بولىدۇ، يەنە بىزنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، جەمئىيىتىمىز قوبۇل قىلالمايدىغان ئەسەرلەر بار. بۇلار شەھۋانىيلىققا ۋە قانۇنسىزلىققا زەربە بېرىدىغان ئەسەرلەرگە كىرىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە توختالمايمەن. بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىدىغىنىمىز ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئوتتۇراھال ئەسەرلەر، يەنى بۇ ئەسەرلەردىن بىر يولىلا بۇلار ئادەمنى بۇزۇقچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلىشقا ئۈگىتىدۇ، يامان يولغا باشلايدۇ، دەيدىغان بۇنداق سەلبىي خۇلاسىنى چىقارغىلى بولمايدۇ، ھەم سىزمۇ كىشىلەرنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ئاڭ سەۋىيىسى ئۆستى، ئىنتىپاقلاشقا، كومپارتىيە ئەزاسىغا كىرىشكە، چوڭ كادىر بولۇپ ئۆسۈشكە ياردەم بەردى، دەپ ئېيتالمايسىز، ھەم ئۇنداق خۇلاسە چىقىرالمايسىز. بىراق، بۇ ئەسەرلەر ئەڭ بولمىدى دېگەندە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بېيىتالايدۇ، سىزنى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلاشقا، مەسىلىلەرنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات دېگەن بىۋاستە كۆزىتىشتۇر. ئۇ بارلىق خۇلاسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىزگە ئېيتىپ بەرمەيدۇ. ھەممە يېشىمنى سىزگە ئېيتىپ بەرگەن ئەسەر ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر خىلىدۇر، ئەمما ئۇ ياخشى بىر خىلى ئەمەس.

بىرىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ بىر ھادىسە، بىر پېرسوناژنى ئىپادە قىلغاندا، بۇ پېرسوناژنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان تەرىپى بولۇشىمۇ، كەمتۈك تەرىپى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ سىزگە تۇرمۇشنى نوقۇللا كۆزەتكۈزمەيدۇ، ئۇ سىزگە ئادەملەرنى شەيئىلەرنىڭ ھەرقايسى قاتلام ۋە ھەرقايسى نۇقتىلىرىدىن كۆزىتىشىڭىزنى، تەھلىل قىلىشىڭىزنى ئۈگىتىدۇ. ئۇ سىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇ سىزنى ھېسسىياتقا باي قىلىدۇ. مۇنداق قارىماققا تازا كۆڭۈلدىكىدەك تەسۋىرلەنمىگەندەك، پاسسىپ نەرسىلەر يېزىلغاندەك قىلغان بىلەن ئەمما سىزنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىڭىزنى ئۆستۈرۈ-

شىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.
مەسىلەن، بىز ھازىر ئوقۇۋاتىمىز، بىر مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇنچە بەك ئاددىي ئەمەسلىكىنى چۈشەندۇق. ئۇ ھوشيارلىقىڭىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى قوغداش ئېڭىڭىزنى ئۆستۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. بىز ھامان ئالدىنىپ كېتىشتىن، جىنايەتتىن ساقلىنىپ، جەمئىيەتتىكى يامان ئادەم، يامان ئىشلاردىن ھوشيار بولۇپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ پەرەزدۇر. ئۇ پەرەز تۇسنى ئالغاچقا بىخەتەرلىككە ئىگە. بۇ ئادەتتە «ئاغزىدا شەھەر ئېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەمنى ھەرقانچە چۆچۈتكىدەك گەپ قىلسىڭىزمۇ، بۇ ئەلۋ ياخشى ئەدەبىي ئەسەر بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئاغزىدا شەھەر ئېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى نېمە بولۇپ كېتىشتىن قەتئىينەزەر ئېغىزدىكى داغدۇغىلىق گەپلەر بىلەن ھەرىكەت ئۇ باشقا ـ باشقا گەپ، بىزنىڭ بۇ جەھەتتە تەجرىبىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، 1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئەدەبىياتلاشقان ئىلگىرىلەشتۇر، مېنىڭچە ئىگىلىكتە ئۇنداق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلىگىلى بولماس، گەرچە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلىدۇق دېگەن بىلەن، بىراق ئاشۇ يوغان گەپلەرنىڭ دەردىنى يېتىپ ئاشقىچە تارتتۇق. ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تىلنىڭ «گىگانتلىرى»غا ۋە ھەرىكەتنىڭ «پەتەك»لىرىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. مەن دائىم مۇنداق بىر مىسالنى تولا تىلغا ئالىمەن، ئادەملەر ھەمىشە ھەرقايسى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرگە موھتاج. مەسىلەن، بىز تىنچ مۇھىتتا ياشاۋاتىمىز، تىنچ تۇرمۇشنى سۆيىمىز، بىراق بۇ ئۇرۇشنى ئويلىماسلىقتا باراۋەر دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئىنسانىيەت تارىخى ئۇرۇش بىلەن تولغان بولىدۇ، بىز ھەممىمىز بىر قەدەر ئۇزاق مەزگىلگىچە تىنچلىق مۇھىتىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بىراق بۇ بىزنىڭ ئۇرۇش قىلىشنى ئۆگىنىش بىلەن مەڭگۈ مۇناسىۋىتىمىز يوق دېگەن بىلەن باراۋەر ئەمەس. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بېرى، بىز بەۋاستە قاتناشقان ئۇرۇشلار بىرلا قېتىم ئەمەس، بىز تېخى يېقىندىلا ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدۇققۇ؟ سىز ئۇرۇشنى قانداق چۈشىنىسىز؟ ياشلارنىڭ ئۇرۇشنى چۈشىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قېنى قايسى دۆلەت بىزنى بەك بىزار قىلىپ كېتىپ بارىدۇ، بىر ئۇرۇشۇپ ئۆزىمىزنى سىناپ بېقىشىمىز كېرەكمۇ؟ بۇ ئىشنى خالىغانچە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بۇ بەك خەتەرلىك. تۆلەيدىغان بەدەلمۇ بەك كۆپ بولىدۇ. بىراق ئەدەبىيات بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بىرەر قېتىم دۇنياۋى ئۇرۇش قوزغىساق بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. قېنى، بىر تەسۋىرلەپ يېزىپ بېقىڭ! ئۇرۇش تەجرىبىڭىز بولسا ياكى تەسەۋۋۇر كۈچىگە ناھايىتى باي بولسىڭىز، سىز يېزىپ چىقالايسىز. بىرەر يۈز پارچە ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرگە سەۋدايىلەرچە خۇمار بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەمما بەدىنىڭىزدىن ئوق ئىزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

مۇھەببەتمۇ شۇنداق. بەزىلەر ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىنتايىن رازى، كۆڭلىمۇ ناھايىتى تىنچ، خاتىرجەم. بۇنداق ئادەملەر ھەمىشە كەسپىي ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ روھىي ھالىتى، نېرۋىسى تىنچ ـ دە! بىراق بىز تۇرلۇك ـ تۈمەن مۇھەببەت غەۋغالىرىنى ياكى خىيالپەرەس كىشىلەرنى ئىنكار قىلالمايمىز. خىيالپەرەسلىك ياخشى ئىش. ئەمما ئۇنى رەسمىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. مەن بىر قانچە ئايال يازغۇچىنى تونۇيمەن، ئۇلار نىكاھ سىرتىدىكى مۇھەببەتنى، ئۈچ قىرلىق مۇناسىۋەتنى، كۆپ قىرلىق مۇناسىۋەتنى يېزىشقا ناھايىتى ماھىر، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئەمەلىي تەجرىبىسى يوق. ئەمما بۇلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىمەن دېسە نۇرغۇن ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ شەرتلەرنى ھازىرلاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ۋاقىت، پۇل، كۈچ ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاسان ئەمەس. ھەتتا مەن بۇنى ئىنتايىن قىيىن دەپ قارايمەن. شۇڭا ھېكايىدە سىناق قىلىپ باقساق بىر قەدەر ئاسانغا چۈشىدۇ. ئەگەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە يۈرەك تارتىڭىزنى چېكىدىغان بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالسىڭىز، ئاندىن ئەتىگەندە بۇنى ئويلىسىڭىز، كەچلىكى باشقىسىنى ئويلىسىڭىز... ئەگەر ئەمەلىي تۇرمۇشتا مۇشۇنداق ئىشلارغا ئۇچراۋېرىدىغان بولسىڭىز ئاسانلا نېرۋا كېسىلى بولۇپ كېتىسىز. بىراق بۇنى ھېكايىڭىزدە يېزىپ باقسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى بۇ بىر خىل مەۋھۇم ئەمەلىيەت،

سىزنىڭ نۇرغۇن ئارزۇ-ئارمانلىرىڭىزنى، پىسخىكا جەھەتتىكى نۇرغۇن تەلەپلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇ مەۋھۇمدۇر. شۇڭا بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئەدەبىيات ئەڭ بىخەتەردۇر، يېزىپ تازا قاملاشتۇرالمىغان تەقدىردىمۇ ئەمما ئۇ دەرھال پاكىتقا ئايلىنالمايدۇ. شۇنىڭدىمۇ ھوشيار بولۇش كېرەككى، چۈنكى ئۇ ئىدىيە ئارقىلىق كىتابخانلارغا ناچار تەسىر كۆرسىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات يەنە بىر خىل دەردىنى چىقىرىۋېلىش رولىغىمۇ ئىگە، مەن پىسخىكا ئىلمىنىڭ بۇ ھادىسىنى قانداق چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىر ئادەم تۇرمۇشتا ئۆزىنى جەمئىيەتكە كېرەك كېلىدىغان، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىدىغان، جەمئىيەتكە تۆھپە ياراتقان بىر ياخشى ئادەم بولسام دەپ ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ ئويى. ئەمما بىز بەزى ئادەملەرنىڭ، مەلۇم ئەھۋاللاردا بەزى ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماي ھاياجاندا بولغانلىقىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز كېرەك. بەزىلەر قارىسا ئۆزىدە پۇل يوق، ئەمما باشقىلارنىڭ شۇنداق بېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىدۇ. ئەگەر سىز خىيالىي تەسەۋۋۇردىلا توختاپ قالسىڭىز ئۇنچە خەتەرلىك ئەمەس. ئەمما باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سالسىڭىز بۇ بەك خەتەرلىك. دەرھال تۇتۇلۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ھەتتا ساقچىخانىغا يالاپ ئاپىرىپ بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنسانىنىڭ قەبىھلىكى ئۈستىدىكى تەسۋىرلەرنى، ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان قىلىق، ئىدىيە، قىزىقارلىق ئىشلار ۋە ھەرىكەتلەر توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى بىر خىل دەردىنى چىقىرىۋېلىش دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەۋھۇم نەرسىلەر بولغاچقا، بۇلارنى كۆرۈپ بۇنداق بولساق بولمايدىغانلىقىنى، ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىمىز. مەسىلەن، سىز ساقچى ۋە باندىتلار ھەققىدىكى نۇرغۇن فىلىملەرنى كۆرگەن بولسىڭىز، گەرچە بەزىلىرى خېلى ياخشى ئىشلەنگەندەك قىلسىمۇ، بەزىلىرى بەكلا ناچار ياكى ئىنتايىن رەزىل. بىراق ئۇ سىزگە زەھەر ئېلىپ-سېتىش، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قاتارلىقلارغا بەدەل تۆلەيدىغانلىقىڭىزنى، يەنە جازاغا تارتىلىدىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ھەم ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتتە مۇقىم ئامىلغا ئايلىنالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز، ئۇ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىنى بۇزىدىغان ئامىل بولماي، كىشىلەرگە ساغلاملىق ئاتا قىلىدىغان ئامىل بولالايدۇ. گەرچە ئۇ خىرىسقا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ. ئەجەبا بىزنىڭ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە مۇشۇ مەسىلىلەر مەۋجۇت بولماي قالامدۇ؟ ئۇلاردا بىر جەمئىيەت، بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلىشىدىكى چوڭ يۆنىلىشلەر، چوڭ يۈزلىنىشلەر ئەجايىب يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ. مېنىڭچە، بىز مۇشۇ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىياتقا بولغان چۈشەنچىمىزنى كۈچەيتىشىمىز مۇمكىن.

تۆتىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە ئەھمىيەت بېرىش. ھەر خىل تىللارنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى سىناق قىلىش، بۇنىڭ بىلەن تىل ئۆزىدىكى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادە قىلىش ئىقتىدارىنى، مەنە ئىپادىلەش، تەسۋىرلەش ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئىپادىلەيدۇ. ياخشى بىر تىل ھەم يۈزەكى مەنىنى، ھەم چوڭقۇر قاتلامدىكى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. نۇرغۇن مۇھىم يازغۇچىلار تىلنىڭ مۇھىم رولىغا غايەت زور رول ئوينىغان بولىدۇ. تىل بولمىسا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، بۇ مىللەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى بولمايدۇ. مېنىڭچە بۇ نۇقتا بەس-مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. بىز نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق، خەنزۇ تىلىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى، خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىش، خەنزۇ تىلىدا خاتىرىلەنگەن ھەر خىل مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىش دەرىجىمىزنى ئۆستۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

ئەدەبىياتنىڭ قىممىتىنى سۆزلەپ كەلسەك يەنە ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئۇنىڭ تارقىلىشى، يىللار مابەينىدە سۇلىماي گۈللەپ-ياشناپ كېلىشى، ئۇنىڭ مەنىۋى سىمۋوللۇق ئەھمىيىتى، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك رولى قاتارلىقلار ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغاچقا، مەن ئەمدى گېپىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن.

(بۇ ۋاڭ مېڭنىڭ 2000-يىل 11-ئاينىڭ 24-كۈنى، شەنتۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن سۆزى).

(ۋاڭ مېڭنىڭ «يېڭى ئەسىردىكى لېكسىيىلىرى» دېگەن توپلامدىن).

**شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى**

(تەرجىمان: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرجىمە تەھرىر باشقارمىسىدا)



# تېپىشماق ئويۇنى

مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار

بۇ ئويۇن قىش كۈنلىرى كۈندۈز ياكى ئاخشىمى مەھەللىلەردە، ئېرىق بويلىرىدا، ھويلا ـ مەيدانلاردا قىز ـ ئوغۇللار تەرىپىدىن ئورتاق ئوينىلىدىغان، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ ھەم چوڭقۇر، ئالاھىدە ئەقىل ـ پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان، تەرتىپ ـ ئىنتىزامى كۈچلۈك، ھازىر جاۋاب ئويۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئويۇنغا ئىشتىياق باغلىغان باللار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ مۇۋاپىق ئورۇنغا يىغىلىشقاندىن كېيىن، ئۆز ئىچىدىن ئىككى «ئاقساقال» سايلىشىپ، شۇلارنىڭ «زەمبۇت» ئېلىشى بىلەن تەڭ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى شۇ كۈنلۈك ئويۇنغا كەلگەن باللار بىلەن چەكلىنىدۇ. گۇرۇپپا باشلىقلىرى ئويۇن باشلاش نۆۋىتىنى تالىشىپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئۆز ئەزالىرىنى ئايرىم يىغىپ، شۇ قېتىملىق ئويۇننىڭ ھەرخىل تەرتىپ ـ قائىدىلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىككى گۇرۇپپىدىكى باللار ئىككى ـ ئۈچ مېتىر ئارىلىق تاشلاپ ئۆزئارا قارىشىپ ئۆرە تۇرىدۇ. ئويۇن كوللېكتىپ سوراش، كوللېكتىپ جاۋاب بېرىش ياكى يەككە سوراش، يەككە جاۋاب بېرىش شەكلىدە ئوينىلىدۇ. قايسى شەكىلدە ئويناشنى گۇرۇپپا باشلىقلىرى ئويۇننىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا بېكىتىدۇ.

«ئا» گۇرۇپپا ياكى ئا: قارىكام ئاتتىن چۈشتى، بالىلىرى چۆرىسىگە ئولاشتى، ئۇ نېمە؟

«ب» گۇرۇپپا ياكى ب: قازان، چىنە ـ تاۋاق.

ئا: ئەتىگەندە تۆت پۇتلۇق، چۈشتە ئىككى پۇتلۇق، كەچتە ئۈچ پۇتلۇق، ئۇ نېمە؟

ب: ئادەم تۇغۇلۇپ بىر مەزگىل ئۆمىلەيدۇ تۆت پۇتلۇق مەخلۇقتەك، كېيىن ئىككى پۇتىغا تايىنىپ ئۆرە ماڭىدۇ، قېرىغاندا ھاسىغا تايىنىپ مېڭىپ، ئۈچ «پۇتلۇق» بولىدۇ.

ئا: قوش ئېرىقتىن سۇ كەلسە، بەش دېھقان تەڭ يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، ئۇ نېمە؟

ب: بۇرۇن، بەش بارماق.

ئا: ماڭىدۇ ـ ماڭىدۇ قىردىن ئاشالمايدۇ، ئۇ نېمە؟

ب: تۈگمەن (سۇ تۈگمىنى).

ئا: ئانىسى ئۆي ساقلىسا، باللىرى تالاغا چىقىپ مېھماندارچىلىق ئوينايدۇ، ئۇ نېمە؟

ب: قۇلۇپ، ئاچقۇچ.

ئويۇن مۇشۇ پەيدىدە داۋاملىشىپ، تەخمىنەن يېرىملاشقاندا سوئال سورىغۇچى بىلەن جاۋاب بەرگۈچىنىڭ ئورنى ئالمىشىدۇ.

ب: ئاش، ئاشنىڭ ئىچىدە تاش، تاشنىڭ ئىچىدە يەنە ئاش، ئۇ نېمە؟

ئا: ئۆرۈك مېۋىسى.

ب: ئانىسى ئۇسسۇلغا چۈشسە، باللىرى چاۋاك چاپتۇ، ئۇ نېمە؟

ئا: دەرەخ، يوپۇرماق.

ب: كۈندۈزى ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرىدۇ، كېچىسى پەگادا بويۇن قىسىپ تۇرىدۇ، ئۇ نېمە؟

ئا: سۇپۇرگە.

ب: ...؟

ئا: ...؟

دېمەك، ئويۇن ئاشۇنداق سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە داۋاملىشىپ، باللار زېرىككىچە ياكى ھارغىچە ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئويۇن جەريانىدا مەنىسى ئېنىقسىز، ئەرزىمەس، باللارغا يامان تەسىر بېرىدىغان، ئۇلارنىڭ زېھنىغا تېگىدىغان مەزمۇندىكى سوئال ـ جاۋابلار چەكلىنىدۇ. بۇنىڭغا يول قويغۇچىلار شۇ نۆۋەتلىك ئويۇنغا قاتنىشالمايلا قالماي، بەلكى تەڭتۇشلىرىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن باللار بىر قېتىملىق ئىزادىن كېيىن، دوستلىرىدىن ئەپۇ سوراپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، كېيىنكى قېتىمدىن باشلاپ سەپكە قايتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سوئال سورىغۇچىلار ئويۇن داۋامىدا كاللىسىنى ھەم تېز، ھەم ئەتراپلىق ئىشقا سېلىپ، سوئاللارنى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن، ئاددىي ـ مۇرەككەپلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، جاۋاب مەزمۇننى بىر خىل ياكى كۆپ خىل بېرىلىدىغانلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، ئۈزۈلدۈرمەي سورىشى، جاۋاب قايتۇرغۇچىلارمۇ چەبدەسلىك بىلەن يېتىشىپ مېڭىپ، دەل، ئەينەن، تېز ۋە ئىخچام جاۋاب بېرىشى شەرت.

بۇ ئويۇن باللارنىڭ ئويلاش، سۆزلەش، ئىشلەش ئىقتىدارىنى تەڭ يېتىلدۈرۈشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئەدەپلىك، ھازىرجاۋاب، رىقابەت ئېڭىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىشكە دالالەت قىلىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى شۇغۇللانغان ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلىشكە يېتەكلەيدۇ. ئالەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆگىنىش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

(ئاپتور: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا)



# ئالقان پالچىلىقى غەربتە

ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى ۋە پەننىي بىلىملەرنىڭ
ئومۇملىششى بىلەن، ھەر خىل ئىلمىيلىكى بولمىغان ئال-
دىن كۆرۈرمەنچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى زاۋاللىققا يۈزلەندى.
لېكىن، ئالقان پالچىلىقى بۇنىڭدىن مۇستەسنادەك قىلىپ
تۇرىدۇ. 19 ـ ئەسىردىن بۇيان، بەزى كىشىلەر بۇ ئالقان
پالچىلىقىنى خۇراپاتلىقنىڭ پاتقىقىدىن، سىگانلارنىڭ نەي-
رەڭۋازلىقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بىر قە-
ۋەت ئىلمىي، ئەقلىي رەڭ بەرمەكچى بولۇپ كەلدى. مە-
سىلەن، ئامېرىكىلىق ۋىلان. G. بېنكا (1900 ـ يىلى)
«ئىلمىي ئالقان پالچىلىقىنىڭ قائىدىلىرى» دېگەن كىتا-
بىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئالقان پالچىلىقىنىڭ ئابرۇيىنى
ئۆستۈرمەكچى بولدى. فرانسىيىلىك د. ئاپېندىكلى ئال-
قاننى «تەبىئىي نۇسخا»، «دانىشمەنلەر نۇسخىسى»،
«سەنئەتلىك نۇسخا» دېگەندەك تۈرگە ئايرىشنىڭ يې-
ڭىچە شەكلىنى كەشىپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئالقان
مۇسكۇللىرىنىڭ ھالىتى بىلەن ئادەمنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى
بىرلەشتۈرۈپ ئالقان پالچىلىقىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بازار
تاپقىنى گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى زامان ئالقانشۇناس ئالىم-
لىرى G. كارىس ۋە F. گىدىسلار تۇرغۇزغان تۆتكە ئاي-
رىش ئۇسۇلى بولدى. ئاساسلىقى، بۇنىڭدا ئالقانلارنى
چوڭ ـ كىچىكلىكى، بارماقلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە
ئالقان گۆشلىرىنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى قاتارلىقلارغا
ئاساسەن تۆت تۈرگە بۆلۈپ «بىۋاستە سېزىم شەكلى»،
«ئەقلىي شەكىل»، «زېرەك شەكىل»، «ساددا شەكىل»
دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنى ئالقان ئىگىسىنىڭ ياش ـ
قۇرامى، مىجەزى ۋە ئەقلىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر-
لەشتۈرگەن. ھازىر ھەممە ئادەم دېگۈدەك «يۈرەك سى-
زىقچىلىرى»، «مېڭە سىزىقچىسى»، «ھاياتلىق سىزىق-
چىسى» دېگەنلەرنى بىلىپ كەتكەندەك، ئالقان پالچىلى-
قىدىمۇ ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان ئورۇن ئالقان سىزىق-
چىلىرىدۇر. مانا شۇ سىزىقچىلارنى شۇ كىشىنىڭ تۇغما
ئىرسىيەتلىك فىزىئولوگ تۈزۈلۈشلىرى بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈپ، شۇ ئادەمنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ئۈستىدە توغرا ھۆ-
كۈم چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ بىر دەۋردە مەيلى نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى جە-
ھەتتىن بولسۇن ياكى ئەمەلىيەت تەرەپتىن بولسۇن، تە-
سىرى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئۆزىنى «چېرو» دەپ ئاتىۋال-
غان كاۋنت. L خامىن بولدى. ئۇ ئالقان پالچىلىقى بىلەن
بېيىپ كەتكەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئىچىدە
ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېسىلزادە، دۆلەتمەنلىرىدىن تار-
تىپ كاتتا ئۆلىما، داڭدارلارغىچە ھەر خىل ئادەملەر
ئۇچرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مۆلچەرلىرىنىڭ
توغرىلىقى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىكەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ
ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە ۋە ئېدۋارد VII قاتارلىق كىشى-
لەرنىڭ ۋاپات بولىدىغان ۋاقتى توغرىسىدىكى مۆلچەرلە-
رى شۇنداق بولغانىكەن. گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى
بىر ئالدامچى دەپ قارىسىمۇ، ئۇنىڭ كىتابلىرى يەنە

قايتا ــ قايتا نەشر قىلىنىپ تۇرغان.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالقان پالچىلىقىنىڭ كەڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى، ئۇنىڭ ئاددىيلىقىدا. پەقەت ئۇنىڭ بەزى ئاساسىي ئاتالغۇلىرىنى بىلىۋالسىلا ھەرقانداق ئادەم ئاز ـ تولا بىر نېمە دەپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق خۇسۇسىي نەرسە. خۇددى دۇنيادا بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بارماق ئىزىنى تاپقىلى بولمىغىنىدەك، بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى ئالقاننىمۇ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنداقكەن، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەمنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان ئاشۇ ئالقىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، سالامەتلىك ئەھۋالى، ئەقلىي قۇرۇلمىسى قاتارلىق تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ دېگەن گەپ. ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ پال سېلىش قانداقلا بولمىسۇن كىشىلەرنىڭ تۇغۇلغان ئاي ـ كۈنلىرىگە قاراپ رەم بېقىش، قارتا ئېچىش دېگەنلەرگە قارىغاندا ئىشەنچلىكرەك بولىدۇ ـ دە، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئادەمنى قولىنىڭ شەكلى، تېرىلىرىدىكى سىزىقچىلارغا قاراپ ياخشىلىق ـ يامانلىق، ئامەت ـ ئاپەت دېگەنلەر توغرىسىدا ھۆكۈم قىلماق يەنىلا بەك غەلىتە ئىش. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالقان بىر «مەخپىي سىرلىق خەرىتە» بولۇپ، ئۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل يېشىپ تەرجىمە قىلىپ چىقىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، ئالقان پالچىلىقىنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر ئاساسىي جەھەتتىن بەزى تەخمىنىي پەرەزلەرنىلا قىلالايدۇ، خالاس.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئالقان پالچىلىقى مۇنداق ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشمەكتە. بىرى، بەزى پسىخولوگلار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى گېرمانىيىلىك J . جېفىر. ئۇ خېلىلا زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان جۇڭگى ئېقىمىدىكى پسىخولوگ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدىكى زېھنىنى دېگۈدەك سەرپ قىلىپ ئالقان سىزىقچىلىرىنىڭ نۇسخىسىنى، بولۇپمۇ بالىلار ئالقىنىنىڭ سىزىقچىلىرىنى توپلىغان. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىچكى خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ روھىغا يوشۇرۇنغان كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ ئادەمنىڭ قولىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ «روھىي ئالقانشۇناسلىق» دېگەن نەرسىنى كەشىپ قىلغان. ئۇنىڭ «بالىلارنىڭ قولى» ناملىق كىتابى جۇڭگىنىڭ كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەتكەن. ئۇ جۇڭگىنىڭ نەزەرىيىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ: كىشىلەرنىڭ روھى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتىكى ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئالقانلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. F . گىدىس: قولىنىڭ تاشقى ھالىتى ئىچكى فىزىئولوگىيىلىك روھىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر قولىدىكى بىر خىل كۆرۈنۈش مەلۇم بىر ۋاقىتتا نېرۋا فۇنكسىيىلىرىدىكى بۇزۇلۇشتىن بېشارەت بەرسە، داۋالاشلاردىن كېيىن، قولىدىكى ھېلىقى كۆرۈنۈشلەر يوقاپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ئۇ قەتئىي ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ئالقانشۇناسلارنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا مەلۇم ئادەمنىڭ قولىغا قاراپ ئۇنىڭ ئېغىر ئاغرىقلىقى، بولۇپمۇ ئۆلىدىغان ۋاقتى توغرىسىدا قىياسەن بىر نېمە دېيىش ئىنتايىن ئەقىلسىزلىق ۋە بەك خەتەرلىك ئىش. ئالقانشۇناسمۇ ئادەم، ئۇنىڭ خاتالىقتىن خالىي بولۇشى تەس، يەنە كېلىپ ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئالقىنىنىڭ ھالىتىنى ۋە كەلگۈسى تەقدىرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى ھەققىدىكى بۇ قىياسلارنى بىلىپ قالسا، ئېھتىمال ئۇ شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ھېچبولمىغاندا مۇنداق قىياس شۇ كىشىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويىدۇ. ئەڭ قورقۇنچلۇقى، بەزىلەر مۇنداق بېشارەتنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقتىن، قىياسەن ئېيتىلغان گەپ چىنلىققا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم دوختۇرلارمۇ ئالقان پالچىلىقىغا قىزىقىپ قالدى. ھەتتا ئۇلار ئىلغار ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. لوس ـ ئانژېلىستىكى بىر دوختۇرخانىدىكى بالىلار بۆلۈمىنىڭ بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلىرى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قول ـ پۇت سىزىقچىلىرىنىڭ ئارخىپىنى ساقلايدىغان كۆلىمى زور بىر ئورۇن تەسىس قىلدى. بۇ ئارخىپلارغا ئاساسەن ئۇلار بالىلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىدا ئوڭاي يولۇقىدىغان كېسەللىرى ئۈستىدە ئىشەنچلىك قىياس ئېلىپ بارماقچى. ياپونىيىنىڭ توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسى بار، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئالقان بىلەن فىزىئولوگىيىلىك كېسەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى «تېرە سىزىقچىلىرى ئىلمى» دەپ ئاتىۋالغان يېڭى بىر

دەرسلىكنى تەسىس قىلىشنىمۇ ئۈمىد قىلماقتا. ئەمەلـ
يەتتە جۇڭگونىڭ قەدىمىي تىبابەتچىلىك كىتابلىرىدىمۇ
قولنى كۆزىتىش ئارقىلىق كېسەللەرگە دىئاگنوز قويىدىـ
غان تەلىماتلار بولغان. ئەمما، قەدىمدىن ھازىرغىچە
تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىلمىي يەكۈنلەر نىسبەتەن كەم.
ئامېرىكىنىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇلار
بىنورمال قول سىزىقلىرى بىلەن بەدەندە ئىقتىدارنىڭ
تۇغما ماسلىشالماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى
ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ. بۇ ئىقتىدار ماسلىشالماسلىق ئىچىدە
گەۋدىلىكرەكلىرى خروموزوما ئەگەشمە كېسەللىرى، يۈـ
رەك كېسىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان كېسەلـ
لىكلەر ئىكەن. مەسىلەن، ئالىقان سىزىقچىلىرىدىكى
غەيرىي ئەھۋاللارنى كۆزەتكەندە، «٧» شەكلىدىكى
كەڭ سىزىقچىلار ئۇچرايدىكەن. ئۇ ئالىقاننىڭ ئوتتۇرىـ
سىدىن باشلىنىپ، يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ چىمەلتەك ۋە
كۆرسەتكۈچ بارماقلارغىچە سوزۇلۇپ بارىدىكەن. يەنە
«مايمۇن سىزىقچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ھەمدە بىنورـ
مال بىر نەچچە خىل قول ئىزلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى بىر خىل يوشۇرۇن روھىي كەمتۈكلۈكتىن بېـ
شارەت ئىكەن... مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەگەر بوۋاقنىڭ
قولىدا مۇنداق غەيرىي سىزىقچىلار كۆرۈلسە، بالىدا
باشقىچە كېسەللىكلەر بارمۇ ـ يوق؟ دوختۇر تېخىمۇ
سالماقلىق بىلەن تەكشۈرۈشى كېرەك ئىكەن. گەرچە
قولدىكى بۇ سىزىقچىلارغا ئاساسەن ئېنىق دىئاگنوز
قويۇپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئۇ دوختۇرنى قىممەتلىك بار
ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ
ھامان خۇراپىيلىقتىن ئىلمىيلىككە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆـ
رىمىز. مەسىلەن، مۇنەججىملىكتىن (يۇلتۇزلارنىڭ جايلىـ
شىشىغا قاراپ كەلگۈسىگە ھۆكۈم قىلىدىغان پالچىلىق)
ئاسترونومىيە، كىمياگەرلىكتىن (باشقا مېتاللارنى ئېرىتىپ
ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان قەدىمىي خىمىيىگەرـ
لىك) خىمىيە ئىلمى كېلىپ چىقتى. شۇنداقكەن، ئالىقان
پالچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى بىزنى نەگە ئېلىپ بارار؟

خەنزۇچە «خەزىنە» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىلى 3 ـ سانىدىن
مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»،
«مەملىكەتلىك سىرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرـ
نال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنـ
جاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا
ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرـ
نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ
ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر،
«ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ
ئادەتلىرى، «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ
ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ
بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن
ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەب يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋاـ
يەتلەر، «كۈلكە ـ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرـ
لار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي
سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ»
سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىـ
كى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا»
سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش
توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلاـ
ر» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنـ
ئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە
چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق،
ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزـ
لارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقـ
لارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 ـ يىللىق كېيىنكى يېرىم يىللىق
سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىـ
رىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزـ
مىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىـ
مىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65－ 1130 \ 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991
فاكس: 4554015 ـ 0991
E－ mail: mirasuyghur@126.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى:
5.00 يۈەن.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ نەزەرىدىكى قەشقەر

19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىر ئالمىشىش ئارىلىقىدا ف. ياڭ خازبەند قاتارلىق غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ قەشقەر توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى ۋە فوتو سۈرەتلىرىدە ھازىرغىچە بولغان خەنزۇچە ماتېرىياللاردا يوق قىممەتلىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ساقلىنىپ قالغان.

«يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» دەپ ئاتالغان قەشقەر ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە: قەشقەر غەربلىكلەرنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىدىكى تۈنجى ئۆتكەل. ئۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى كىشىنى ئاجايىپ جەلپ قىلىپلا قالماي، بەلكى شەھەرلىرى ناھايىتى ئاۋات، سودا روناق تاپقان، دەپ خاتىرىلەنگەن. غەربلىكلەر ھىندىستاندىن جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلارغا كىرىپ تەكشۈرۈش ياكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ياكى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە يىپەك يولىنى بويلاپ قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارغا بارغاندا قەشقەر چوقۇم ئۆتىدىغان جاي ئىدى.

غەربلىكلەرنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ساياھەت خاتىرىلىرىدە بىز قەشقەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ، قانلىق سىياسىي كۈرەشلىرى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نۇرغۇن خاتىرىلەر ۋە كۆرۈنۈشلەرنى كۆرەلەيمىز.

**ئەنگلىيە ئارمىيىسى مايورىنىڭ قەشقەر توغرىسىدىكى ساياھەت خاتىرىسى**

روبېرت شاۋ تۇنجى بولۇپ ھىندىستاندىن ھىمالايا تاغلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا كىرگەن ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ، 1874 ـ يىلى بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، شىزاڭ بىلەن شىنجاڭ چېگرىلىنىدىغان كەڭ جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

روبېرت شاۋنىڭ جىيەنى، ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ياش كاپىتانى ياڭ خازبەند ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا تاغىسى ھىندىستان، شىزاڭ ۋە شىنجاڭدىن ئەۋەتكەن خەتلەردىن تاغىسىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى

توغرىسىدىكى نۇرغۇن تەپسىلاتلاردىن خەۋەردار بولغان. ئۇ يەنە تاغسىنىڭ ئۆيىدىن شۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىگە دائىر نۇرغۇنلىغان كىتابلار، قولىيازمىلار ۋە خەرىتىلەرنى تاپقان. بۇ ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەن ئاشۇ سىرلىق تۇپراق ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، بىر ئېكسپېدىتسىيىچى بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن.

1886 ـ يىلى ياڭ خازبەندكە ئاخىرى پۇرسەت كەلگەن. ئۇ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ساياھەت قىلغاندىن كېيىن بېيجىڭدا ۋاقىتلىق تۇرۇپ قالغان. ئۇ بۇ يەردە ئەنگلىيە خانلىق ساپروي قىسىملىرىنىڭ مايورى M・C・ بىل بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ياڭ خازبەند يېتەكچىلىكىدىكى سەككىز تۆگىدىن تەشكىللەنگەن كارۋان ئىككى يېرىم ئايلىق ئۇزۇن سەپەر ۋە ئۇسسۇزلۇق، سوغۇق ۋە قۇم ـ بورانىنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1255 ئىنگلىز ملىلىق دەشت ـ باياۋاننى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى قومۇلغا يېتىپ كەلگەن. شىنجاڭنىڭ ئەڭ غەربىدىكى قەشقەرگە بېرىشتا يوللار خەتەرلىك، قىيىنچىلىق قاتمۇقات ئىدى. ياڭ خازبەند قومۇلدا شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ قومۇل بازارلىرىنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ شىنجاڭلىقلارنىڭ خەنزۇلار ۋە موڭغۇللاردىن كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلار تۇرمۇشتىن بەھرە ئېلىشقا خېلىلا ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ئۆيلىرى كىشىگە ئارام بەخش بېرىدىغان دەرىجىدە سەرەمجانلاشتۇرۇلىدىكەن، قىزلىرى بەك چىرايلىق، گرېك ۋە ئىتالىيان قىزلىرىغا ئوخشاپراق كېتەتتى. توم ئۆرۈلگەن ئۇزۇن قارا چاچلىرى دۈمبىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بېشىدا ئوتقاشتەك قىزىل دوپپا بولۇپ، مەڭزىلىرى چىقىپ تۇرغان يۈزىگە ئاجايىپ ياراشقان، بۇ، ئۇلارنى تېخىمۇ چىرايلىق، جەلپكار كۆرسىتەتتى.

قەشقەرگە بېرىش سەپىرى جەريانىدا، ياڭ خازبەند شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ خارابلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، چۆللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئۇلار ئادەم تۇرۇۋاتقان ھەر بىر ئۆيى ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ـ ئۈچ خارابە ئۆيلەر بار ئىدى. بەزىدە بىر كەنتتىن ئۆتكەندە ھەتتا بىرەر ئادەممۇ ئۇچرىمايتتى. ئۇلار ئۆتكەن جايلاردىكى نۇرغۇن يەرلەر تېرىلماي تاشلىنىپ كەتكەنىدى. ئاخىر قەشقەر تۈزلەڭلىكىگە قەدەم باسقان چاغدا، ئۇنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا پاللىدە يورۇپ كەتتى. بۇ يەردىكى ئاھالە باشقا يەردىكىدىن كۆپ ئىدى. يەرلەر باشقا يەردىكىگە قارىغاندا، تېخىمۇ تۈجۈپىلەپ تېرىلاتتى. قەشقەرنىڭ سودا ئىشلىرى ناھايىتى گۈللەنگەنلىكى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. ياڭ خازبەند قەشقەر شەھىرىگە كىرگەندە خۇددى يەنە قايتىدىن مەدەنىيەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندەك ھېس قىلدى.

ئۇ قەشقەردە شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلاشقان. ئۇزاق ئۆتمەي بىر قانچە ئافغان ۋە ھىندى سودىگەر ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن. ئۇلار بۇ يەردىكى چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئارىسىدىن تاللانغان. ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان چەت ئەللىكلەر ئىدى. جۇڭگولۇقلار ئۇلار ئارقىلىق چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن ئالاقە قىلىشاتتى. ئۇ ئافغانىنىڭ تۇرقى خۇددى بىر ئەسكەرگىلا ئوخشايتتى، ھەر خىل قورالالارنىڭ ئىقتىدارىنى پىششىق بىلەتتى، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ئالتە ئاتار تاپانچىنىڭ ئەنگلىيىنىڭكىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. قەشقەردىكى توپىلاڭ تىنچىتىلغان، قەشقەر قايتۇرۇۋېلىنغاندا، ئۇ شەھەردە ئىكەن. ئۇ: ئەمەلىيەتتە ئۇرۇش بولمىدى، چۈنكى، توپىلاڭچىلار باشلىقى بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى شەھەرنىڭ غەربىدىكى بىر جايدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. توپىلاڭچى قوشۇن ئەسكەرلىرى خەنزۇلار قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا دەرھال ئۆز كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ خۇددى قويغا ئوخشاش ياۋاشلىق بىلەن ئۆز ئىشلىرىغا ماڭغان، دەپ بەرگەن.

ياڭ خازبەند بۇ ئۇنتۇلغۇسىز سەپەر توغرىسىدا: «چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ يۈرىكى» (1896 ـ يىل)، «تەيپىڭ تيەنگو پۇقرالىرى ئارىسىدا» (1898 ـ يىل) ناملىق ئىككى ساياھەت خاتىرىسى يازغان. بۇ ئىككى كىتاب ئۇنى ئەنگلىيىدە ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئېكسپېدىتسىيىچىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ بۇ ئىككى كىتابى ۋە كېيىنكى ئەسەرلىرىنىڭ شۆھرىتى بىلەن 1919 ـ ، 1922 ـ يىللىرى ئەنگلىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

## روسىيىلىكلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىكى مىلتارىستلار ئارا قىرغىنچىلىق

قەشقەرگە كەلگەن چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى رۇس ئىدى. رۇس رەسسام نىكولاي رويېرىچ 1923 ـ ، 1928 ـ يىللىرى بەش يىل داۋاملاشقان

ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىنى تەشكىللىگەن ھەمدە ھىندىستان ۋە شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، مۇھىتى، جەمئىيەت ۋە جۇغراپىيىسى توغرىسىدا ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، شۇ ئاساستا 5000 پارچىدىن ئارتۇق ماي بوياق رەسىم سىزغان. بۇ رەسىملەر تاكى ھازىرغىچە نيۇيورك روېرىچ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

نىكولاينىڭ ئوغلى جورج خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن شەرقشۇناس ئىدى. ئۇمۇ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىگە قاتناشقان ۋە سەپەرنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. ئۇنىڭ «ئاسىيانىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا قىلىنغان سەپەر - روېرىچ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بەش يىللىق ئېكسپېدىتسىيە سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق ئەسلىمىسى 1931 - يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتىكى بەزى خاتىرىلەر شىنجاڭنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشتە ھازىرمۇ ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

جورجى دادىسى بىلەن بىللە خوتەن دوتىيى ما شاۋۋۇنى زىيارەت قىلىپ بارغاندا، كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭ قەشقەر ۋالىيسى مافۇشىڭنىڭ كاللىسىنى ئالغانلىقى توغرىسىدىكى پۈتۈن ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان. ما شاۋۋۇ داڭلىق بىر خۇيزۇ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتلىرى يۈننەندە ئۆتكەن، كېيىن گەنسۇ ۋە شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ پەيدىنپەي ۋالىيلىققا كۆتۈرۈلگەن.

ما فۇشىڭ ما شاۋۋۇنىڭ جەمەتىدىن ئىدى. ئۇلار قەشقەردە بىللە ئىشلىگەن ۋە شۇ جەرياندا ئۆچمەنلىشىپ قالغان. ما فۇشىڭ قەشقەرنىڭ يەرلىك خاقانى ئىدى. ئۇ قەشقەردە خۇددى خان ئوردىسىغا ئوخشايدىغان قورغان سالدۇرغان، قەشقەر سىرتىدا يەنە بىر قانچە يازلىق ئوردىسى بار ئىدى. بۇ يازلىق ئوردىلارنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىتىلغان، خەندەك سىرتىغا تىكەنلىك چاتقال تىكىلىپ مۇستەھكەم چىتلاق بەرپا قىلىنغان. كىمكى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسە قولى تىلىنىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ قەسرىدە 50 تىن ئارتۇق خوتۇن ۋە توقلى بار ئىدى، يەنە كىمنىڭ قىزى چىرايلىق بولسا، ئۇ ئوردىغا بۇلاپ ئېلىپ كېتىلىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

1920 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ما فۇشىڭ قەشقەرنى شىنجاڭدىن بۆلۈپ مۇستەقىل قىلماقچى بولغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق خاقان بولالايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قاتاللىشىپ كەتكەن. 1924 - يىلى، ماتتەي ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆلكە رەئىسى ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقالغان، ياڭ زېڭشىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ما فۇشىڭنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلگەن. شۇ چاغدىكى ئۇچتۇرپان ھاكىمى بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىنغا مەلۇمات يوللىغان. ياڭ زېڭشىننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ما شاۋۋۇ دەرھال ئۇچتۇرپانغا قايتىپ قەشقەرگە قوشۇن تارتقان. 1924 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭىشەھەرنى ئىگىلەپ قەشقەر شەھىرىنى قورشاۋغا ئالغان ھەمدە قەشقەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان. ما فۇشىڭ ئۆز قەسرىدە تىرىك تۇتۇلغان، ئاندىن شەھەر سېپىلى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىپ تۈۋرۈككە چەمبەرچاس قىلىپ باغلانغان. ما شاۋۋۇ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ما فۇشىڭنىڭ كۆكرىكىگە قارىتىپ بىرىنچى پاي ئوقنى ئاتقان، ئارىلىق بەك يېقىن بولغاچقا، مافۇشىڭنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ماشاۋۋۇنىڭ ئۇستۇبېشىغا چاچراپ كەتكەن، كېيىنچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىنمۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. 1928 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ رۇس تىلى سىياسىي قانۇن مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقاندا، ئۆلكىلىك تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فەن ياۋتەن تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئارقىدىن ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى باشلاپ بېرىپ فەن ياۋتەننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئۆلكە باشلىقى، قوشۇمچە باش قوماندانى بولۇپ سايلانغان. مانا بۇ شىنجاڭدىكى مەشھۇر «7 - ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشتۇر.

قەشقەرگە دائىر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرىلەر ۋە مەشھۇر شەخسلەر توغرىسىدىكى ۋەقەلەر شۋېتسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى ۋە ئارخېئولوگى سۋېن ھېدىن، ئەنگىلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى دىسى، ئەنگىلىيىلىك ئايال رەسسام G. E. كامپىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

قادىر راخمان تەرجىمىسى

# چېچىڭىزمۇ بايلىقىڭىز



ئايتۇرسۇن، ئوبۇلھەسەن داۋۇت

چاچمۇ ئادەمنىڭ بىر تۈرلۈك بايلىقى. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى چىرايلىق قىلىدۇ. چاچ ئادەمنىڭ گۈزەللىكىگە سۈلكەت قوشۇپلا قالماي، ئۇ، كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىنى نامايەندە قىلىدىغان بىر ئەينەك. چاچنىڭ ئۆسكىلەڭ، كۆپ، پارقىراق، دانلىق بولۇشى شۇ كىشىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىنىڭمۇ ياخشىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خانىم ـ قىزلارغا سۇمبۇل چاچلار ياراشقاندەك، ئەرلەرگىمۇ چاچ ۋە ساقال ـ بۇرۇت سۈپەت ۋە سالاپەت ئاتا قىلىدۇ. دېمەك، چاچ ئادەمنىڭ زىننىتى، گۈزەللىكى ۋە ساغلاملىقى، قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا چاچنى ئاسرىشىمىز لازىم.

ئادەمنىڭ چېچى غول ۋە كۆتەكتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باش تېرىسىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغىنى غول، تېرىنىڭ ئىچىدە تۇرغان قىسمى كۆتەك قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چاچنىڭ غول قىسمى ھەممە يەرلىرىنىڭ رەڭ ماددىسى ئېنىق بولىدۇ، كۆتىكىدە چاچنى ئۆستۈرىدىغان ماددىلار بولىدۇ. چاچ مۇشۇ ماددىلاردىن ئوزۇقلىنىدۇ. چاچنىڭ رەڭ ماددىسىمۇ كۆتەكتىكى ئوزۇقلۇق تەركىبىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر چاچ غولىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىسى يېتەرلىك بولمىسا، قارا رەڭ ماددىسى تۆۋەنلەپ، ئۇ ھالدا چاچ ئاقىرىش ئالامەتلىرى



تىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4) ئېغىر بولغان روھىي ۋە جىسمانىي زەربىگە ئۇچ-راش، ئېغىر خاپىلىق، غەم-ئەندىشە، روھىي ئازاب سە-ۋەبىدىن بىر قانچە كۈن، ھەتتا بىر قانچە ئاي ئىچىدە چاچ ئاقىرىپ كېتىش ئەھ-ۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. روھىي ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىنىڭ چېچى ئۆسمەيدۇ.

5) دائىم ھاراق ئىچىپ بەدىنى ئىسپىرتتىن زەھەرلە-نىش، دائىم تاماكا چېكىپ، بەدەن تاماكىدىكى نىكوتىن زەھىرىدىن زەھەرلىنىش ۋە جىنسىي ئالاقىنىڭ كۆپ بو-لۇپ كېتىشى، دائىم رېستوران، قاۋاقخانىلاردا يۈرۈپ، كېچىدە ئۇخلىماي تونەپ، ئۇيقۇسىز قېلىشتىنمۇ چاچ ئا-قىرىپ كېتىدۇ.

6) مەلۇم سەۋەبتىن بەدەندىكى سەپرا، بەلغەم، سەۋدا ۋە قاندىن ئىبارەت تۆت خىل خىلتنىڭ نورمال-لىقى ۋە تەڭپۇڭلۇقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، بەدەند-كى نورمال، تەرتىپلىك بولغان ماددا ئالمىشىش ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەندىكى تۆك بەزلىرىنى ئوزۇقلۇق ماددىسى بىلەن تەمىنلەيدىغان قۇۋۋەت تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، چاچ سۈپىتى نا-چارلىشىپ كېتىدۇ.

7) داۋالاش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، چاچ ئاقىرىپ كېتىش، چاچ چۈشۈش، چاچ شالاڭلىشىپ قېلىش ئەھۋاللىرى قۇرۇق مىجەز، سەپرا مىجەزلىك كى-شىلەردە كۆپرەك يۈز بېرىدۇ، قان مىجەز ۋە بەلغەم مىجەز كىشىلەردە ئاز ئۇچرايدۇ.

8) چاچ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، چاچ ئاقى-رىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چۈشۈش، كېپەكلىنىش ۋە يۈز بېرىدۇ. قېرىلىقتىن ئاقارغان چاچنى داۋالاتمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەن، ياش تۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن چاچلارنى داۋالاش ئارقىلىق قارايتىشقا بولىدۇ.

**1. ئاق چاچنى داۋالاپ قارايتىش**

1) ئاق چاچنى قارايتىشتا ئالدى بىلەن چاچ ئاقىرىشقا تۈپ سەۋەب بولغان كېسەللىكنى داۋالىسا، چاچ قارىيىدۇ.

2) داۋالاشتىن باشقا سەۋرچانلىق، كەڭ قورساقلىق، خۇش پېئىللىقمۇ ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەن چاچنى ئەس-لىگە كەلتۈرۈپ قارايتىشتا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3) ئادەمنىڭ ياش تۇرۇپ چېچى ئاقىرىپ كېتىشى ۋە چاچ چۈشۈش، قىچىشىش ۋە شالاڭلىشىپ كېتىشى ئوزۇق-لۇقنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئوزۇقلۇق سۈپىتى ناچار، ئوزۇقلۇق مىقدارى ئاز بولسا، شۇنداقلا تاماق ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىقى، ھەرخىل نېرۋا كېسەللىكلىرى، قان ئازلىق كېسىلى ۋە ئۆتنىڭدىن باشقا يۇ-قۇملۇق جىگەر كېسىلى، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى قاتارلىقلارمۇ چاچنىڭ سۈپىتىنى ناچارلاشتۇرۇپ، بۇرۇن ئاقىرىپ كې-

چاچنىڭ كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىشىدە، چاچنى ئالدىراپ ھەرخىل خىمىيۋى بوياقلاردا بوياش، پاكىز تۇتماسلىق، تەبىئىي چاچ قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە چاچ قارايتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىكمۇ مۇھىم سەۋەب دەپ قارالماقتا.

9) چاچمۇ ئادەمنىڭ باشقا ئەزالىرىغا ئوخشاش ساپ ھاۋاغا موھتاج. يازدىكى ئىسسىقتا چاچنى ۋاقتىدا يۇيۇپ، سالقىن تۇتۇش، ئۇپلاپ كېتىشتىن ساقلاش، قىشتىكى سوغۇقتا باشقا ئىسسىق، يېنىك ياغلىقلارنى ئارتىپ، باش كىيىملەرنى كىيىپ باشنىڭ مۇۋاپىق ھارارىتىنى ساقلاشمۇ چاچ سۆپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

10) جىسمانىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىق، بەدەن چېنىقتۇرماسلىق، ھۇرۇنلۇق ئىللەتلىرىمۇ چاچ سۆپىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئادەم سىرتلارغا چىقىپ ساپ ھاۋادا بەدەن چېنىقتۇرۇپ بەرسە، قان ئايلىنىش راۋانلىشىپ، قان جانلىنىپ، چاچنىڭ كۆتىكىگە بارىدىغان قارا رەڭ ماددىلىرى كۆپىيىپ چاچ قارىيىدۇ، جانلىنىدۇ ۋە نورمال ئۆسىدۇ.

11) چاچقا بۇرۇن ئاق كىرىشنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، توي قىلىش، ئەۋلاد قالدۇرۇشقا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.

12) چاچ ئاقىرىپ كېتىش، چاچ چۈشۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبى ئادەم بەدىنىدە ئۇزاق مۇددەت ۋىتامىن $B_1$، ۋىتامىن $B_2$، ۋىتامىن $B_6$ قاتارلىق ماددىلارنىڭ كەمچىللىكىنى كۆرسىتىدۇ.

13) چاچنى كۆپ قېتىم بۇدرە قىلىش، توك بىلەن قىزدۇرۇش، توك بىلەن قۇرۇتۇش، كۈچلۈك ئىشقارلىق سوپۇندا يۇيۇش نەتىجىسىدە، چاچ سۆپىتى تۆۋەنلەش، چاچ ئاقىرىپ كېتىش، قىچىشىش، چاچ ئۇچى يېرىلىپ كېتىش ۋە چاچ يۇمشاپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

14) چاچنىڭ ئاقىرىپ كېتىشى ئۆزىنىڭ ئاسرىماسلىقىدىن باشقا، ئىرسىيەت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. خىزمىتى ئالدىراش، خىزمەت ئورنى يىراق، خىزمەت سالمىقى ئېغىر كىشىلەردە روھىي جىددىيلىك، ھېرىش-چارچاش، لايىقىدا دەم ئالماسلىق سەۋەبىدىنمۇ چاچ سۆپىتى ناچارلىشىدۇ ۋە بالدۇر ئاقىرىپ كېتىدۇ. بۇ مەسىلە ئىرسىيەت خاراكتېرلىك بولسا داۋالانمىسىمۇ بولىدۇ، باشقا سەۋەبتىن بولغان بولسا ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

**2. چاچ سۆپىتىنى ئۆستۈرۈش، چاچنىڭ ئاقىرىپ كېتىشىنى، چۈشۈپ كېتىشىنى قانداق داۋالاپ ساقايتىش كېرەك؟**

1) ئوزۇقلۇق مول، يېتەرلىك بولۇشى كېرەك. قارا گۆش، تۇخۇم، سۈت، بېلىق، ھايۋانات بېغىرى، كالا گۆشى، سۆڭەك شورپىسى، قارا كۈنجۈت، سىيادان، ياڭاق (سارغايتىپ)، تاتلىق ئانار، ئەنجۈر، قارا ئۈزۈم، بادام، ئۆرۈك مېغىزى، شاتۇت، قارا ئۈجمە قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ بېرىش لازىم. چۈنكى، بۇ يېمەكلىكلەر قاننى جانلاندۇرۇپ، رەڭ ماددىسىنى تولۇقلاپ، چاچنى ئۆستۈرىدۇ، ئاقىرىشنىڭ، چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

2) ئۈمىدۋار، ئىرادىلىك بولۇپ ھاياتنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش لازىم. كېسەللىك بولسا داۋالىتىشتىن زېرىكمەي ئوبدان داۋالىنىپ، تەن سالامەتلىكنى ياخشىلاش كېرەك. چۈنكى، ئادەم ساغلام بولسا، چاچمۇ نورمال ئۆسىدۇ، چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

3) چاچنى مۇۋاپىق، ۋاقتىدا يۇيۇش، باش تېرىسىنى پاكىز ساقلاش، چاچنى يۇيۇش ئارىلىقى بەك قىسقا بولۇپ كەتمەسلىك، چاچ يۇيۇش مەلھىمىنى بەك كۆپ ئىشلەتمەسلىك، ئاز ئىشلىتىپ، ئاندىن پاكىز سۇدا كۆپرەك چايقىۋېتىش، ئاندىن لۆڭگىدە يەلپۈپ قۇرۇتۇش لازىم.

4) ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىككى قېتىم بەش مىنۇتتىن باش تېرىسىنى ئۇۋۇلاپ بېرىپ قان ئايلىنىشنى ياخشىلاش، چاچنى ئالدىدىن كەينىگە بىر نەچچە قېتىم تاراپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدا چاچ يىلتىزىغا تاغاق تېگىپ، كۆتىكىگە قان ۋە ئوزۇقلۇق ۋە رەڭ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان قان تومۇرلارنىڭ خىزمىتى جانلىنىدۇ، چاچنىڭمۇ سۆپىتى ئۆسىدۇ، چاچقا ئېھتىياجلىق ماددىلار كۆپىيىدۇ. چاچ يىلتىزى، يەنى، چاچ خالتىسىدا قارا رەڭ پىگمېنتى بولىدۇ.

5) كېچىسى سەككىز سائەت قېنىپ ئۇخلاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇيقۇغا قانماسلىقتىن ۋە كېچىسى

قىنىپ ئۇخلىمىغان، ئۇيقۇسى كەم كىشىلەردە كۆپىنچە قان بېسىمى يۇقىرى كېسىلى بولىدۇ، روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. جۈملىدىن، چاچنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ پايدىسىز.

6) چاچنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، ۋاقتىدا يۇيۇش، كۆپ تاراش لازىم. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزانلىق ھاۋا كىلىماتىنىڭ ۋە سېسىق ھاۋانىڭ چاچقا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش لازىم، چاچنى ئوبدان ئاسراش كېرەك.

7) خىزمەتنىڭ بېسىمى، تۇرمۇشنىڭ جىددىيچىلىكى، دەم ئېلىشنىڭ تولۇق بولماسلىقى سەۋەبىدىن ياكى روھىي زەربىگە ئۇچراپ، ئۆلۈم - يېتىم، قايغۇ - ھەسرەت، ئاچچىقلىنىش، تولا خاپا بولۇش، تولا سۆزلەش، ھەممىدىن نارازى بولۇش، ئۈمىدسىزلىك قاتارلىق بىر قاتار ناچار روھىي ھالەتلەر بەدەندىكى تەبىئىي كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، چاچنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چاچ ئاقىرىپ كېتىش، چاچ چۈشۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئاڭلىق ئاساستا ئۆزىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتىنى نورمال، خۇشال تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىمىزگە روھىي خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىمىز لازىم.

8) جىنسىي ئالاقە زىيادە كۆپ بولۇشتىن ساقلىنىش لازىم. بەدەندىكى تەبىئىي قۇۋۋەت، ئىسسىقلىق ۋە روھىي كۈچنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، تاماكا، ھاراق قاتارلىق كەيپلەردىن قول ئۈزۈپ، بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. نورمال بولمىغان ناچار روھىي كەيپىياتلار چاچنى چۈشۈرىدۇ، ئاقارتىدۇ، چاچنىڭ پارقىراقلىقىنى ۋە رەڭگىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ.

9) كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى ياخشى ئىش بولسىمۇ، لېكىن گۈزەللىكنى ساغلاملىقنىڭ ئالدىغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، جەمئىيىتىمىزدە قىز - ئوغۇللار ھۆسن تۈزەش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش ئورنىغا بېرىپ چاچلىرىنى ھەرخىل رەڭدە، ھەرخىل پاسوندا ياسىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر ئوبدان چاچ بۇزۇلىدۇ، چۈشۈپ كېتىدۇ، قېچىشىدۇ، ئاقىرىدۇ، ئازلاپ كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىدۇ، چاچ يۇمشاپ كېتىدۇ. نۇرسىزلىنىدۇ، ھەتتا چاچنىڭ يىلتىزى زەخىملىنىدۇ. ئاسانلا ئايپاگۋاش بولۇپ قېلىش يۈز بېرىدۇ. شۇڭا چاچنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، خىمىيلىك تەركىبلەر بىلەن چاچ بويىماي ۋە چاچ ياسىماي، تەبىئىي، زەھەرسىز بولغان، چاچقا زىيان قىلمايدىغان، چاچنى قۇۋۋەتلەش ۋە چاچ ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى ئىشلىتىشىمىز لازىم.

10) زىمىستان قىشتىكى سوغۇق ھاۋا كىلىماتى، تومۇز ئىسسىقتىكى چاچ ئۆپلاپ كېتىش، ھاۋاسى شالاڭ، شاۋ-



قۇن ـ سۇرەن بەك كۈچلۈك جايلاردا چاچ چۇشۇش ۋە چاچ ئاقىرىپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىنمۇ ساقلىنىش زۆرۈر.

11) ئوقۇتقۇچى، ئالىم، ئىنژېنېر، تەتقىقاتچى، كومپيۇتېر مەشغۇلات قىلغۇچى، يازغۇچى، بوغالتىر، خىمىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، دورىگەرلەر، دوختۇر، شوپۇر، بانكا خادىمى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتارلىق ئېغىر ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىمۇ چاچ ئۆسمەسلىك، چاچ چۇشۇش، چاچ يىلتىزى يىگىلەش قاتارلىق ئەھۋاللار بىر قەدەر ئاسان يۈز بېرىدۇ. ھەتتا تاقىرباش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ خادىملار ئۇزۇقلۇققا، دەم ئېلىشقا، ھەرىكەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چاچنىڭ نورمال ئۆسۈشىنى، پارقىراق، جانلىق، رەڭگى توق، چىرايلىق بولۇشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. چاچقا خىمىيلىك بوياقلارنىڭ زىيىنى باركى، پايدىسى يوق. چۈنكى، ھەرقانداق تەبىئىي، ھەققىي شەيئىلەردە ھاياتىي كۈچ ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. سۈنئىي نەرسىلەردە بولسا گۈزەللىك بولغان بىلەن ھاياتىي كۈچ بولمايدۇ.

12) چاچنى ھەقىقىي ئاسراش ئۈچۈن، كىسلاتالىق ۋە ئىشقارلىق تەركىبى يۇقىرى سوپۇنلاردا ۋە پاراشوك سوپۇنلاردا چاچ يۇيۇشقا بولمايدۇ. خىمىيلىك بوياقلارنى ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولغاندىمۇ مىقدارى ئاز بولۇشى لازىم. چاچنى سۇلياۋ تاغاقلار بىلەن تارىماي، تەبىئىي زىيانسىز بولغان ياغاچتىن ياسالغان تاغاقلاردا تارىنىشىمىز كېرەك.

13) ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۈپىتى ئۆزگەرگەن، كۆكىرىپ قالغان، بۇزۇلغان ئاشلىق، گۆش، تۇخۇم، بېلىق، ھەرخىل قورۇما، تەييار تاماق، مېۋىلەر، سەي ـ كۆكتاتلار، بۇزۇلغان، ۋاقتى ئۆتكەن ئىچىملىكلەرنى قەتئىي ئىستېمال قىلماسلىق لازىم. چۈنكى، بۇزۇلغان يېمەكلىكلەر چاچقا كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ۋە رەڭ ماددىسىنى تورمۇزلاپ، چاچ چۇشۇش، ئاقىرىش، چاچ سارغىيىش ئەھۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

14) ھەرخىل كېسەللىكتىن يۇقۇملىنىش، باش تەەرەتكىسى، ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، سىرتقى زەخىملىنىشلەردىن قەتئىي ساقلىنىپ، تۈك خالتا بەزلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، چاچ ئۆسمەسلىك، چاچ ئازلاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

15) چاچقا ئۇسما، سىيادان، قارا كۈنجۈت، تالنىڭ تامغان سۈيى، ياڭاق مېغىزى، بادام، قارا توخۇنىڭ مېيى، جىگدە يىلىمى، ئۆرۈك مېغىزى، كاۋاۋىچىن، زەنجىۋىللەردىن ئۆز مىجەزىگە ماس كېلىدىغان ئۈچ خىلنى تاللاۋېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئۇنىڭغا تال سۈيىنى ۋە ھۆل زەنجىۋىلنى قاينىتىپ، شەربىتىنى قوشۇپ مەلھەم تەييارلاپ، چاچقا سۇۋاپ بەرسىمۇ چاچنى قۇۋۋەتلەپ، چاچنى ئۆستۈرىدۇ. ئاقىرىشنى، چۇشۇشنى توختىتىدۇ.

**3. چاچ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىرلەر**

1) چاچ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاقىرىپ كېتىش ۋە چۇشۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋە ئاقارغان چاچلارنى قارايتىش ھەم چاچنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئۇزاق يىللىق تەجرىبىدىن ئۆتكەن تۇخۇم يېغى، كۈنجۈت يېغىدا چاچنى ياغلاش، ئىچىدىن ئامىلە ۋە قارا ھىلىلە مۇراببىاسى ئىستېمال قىلسا ئۇنۇمى يۇقىرى ۋە تېز كۆرۈلىدۇ.

2) ياڭاق مېغىزى (سارغايتىپ)، بادام مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، خورما، قۇرۇق ئۈزۈم، چىلان، ھەسەل، قاراشېكەر، ناۋات (قاندا شېكەر ماددىسى يۇقىرى بولمىسا) خاسىڭ (يەر ياڭىقى)، قارا كۈنجۈت، سېرىق پۇرچاق، گازىر، قىزىل ئالما، تاتلىق ئانار، پۇرچاق سۈتى، كالا سۈتى، تاسما بېلىق قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ بېرىش كېرەك. بۇلار چاچنى ئۆستۈرىدۇ، كۆپەيتىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

3) قارا ئۈجمىنى سىقىپ، ئۇنى قۇم چۆگۈندە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا تەڭ مىقداردا ناۋات ۋە قارا شېكەر سېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ، مەلھەم قىلىپ، ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئىككى قېتىمدىن، بىر قوشۇقتىن ئىستېمال قىلىش كېرەك. بۇ دورا چاچنىڭ رەڭگىنى قېنىق، پارقىراق، ئۆسكىلەڭ قىلىدۇ. چاچ مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ ۋە چاچنى ئۇزارتىدۇ.

4) كۈز ۋە ئەتىياز پەسلىدە ئۈزۈم تاللىرى يىغلاپ،

2007

سۈيى ئاققاندا ئاستىغا قاچا تۇتۇپ قويۇپ، شۇ ئاققان شەربەتنى چاچقا سۈۋاش كېرەك. چۈنكى تال 15 ــ 20 مېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتا ئۆسكەچكە چاچمۇ ئۇزۇن ئۆسىدۇ، دانىسى غوللۇق بولىدۇ. تال شەربىتى چاچقا تەبىــئــىي قۇۋۋەت بولىدۇ، زەھەرسىز.

5) زەنجىۋىلدىن ئون گرام، چۆپچىنــدىن 15 گــرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن 20 گرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، سۈيى ئىلمان بولغاندا، چاچنى يۇيۇپ بەرسە چاچ كېپەكلىشىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چاچنى پارقىرىتىدۇ.

6) چاچنى جانلاندۇرۇش، چاچ يىلتىزىنى كۈچەيتىش، چاچنى پارقىرىتىش ئۈچۈن سوغۇق سۇدا چاچ يۇيماسلىق، چاچنى نېترال خۇسۇسىيەتلىك سوپۇندا يۇيۇش كېرەك.

7) چاچ يۇمشاپ كېتىش، سارغىيىپ كېتىش، ئازلاپ كېتىش، چۈشۈش، قىچىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن ئىسپىغۇل لوئابى، موزا قاتارلىقلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، چاچقا چېپىپ بەرسە، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدۇ.

8) مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت كىتابلىرىدا قارا كۈنجۈت، ياڭاق مېغىزى، قارا پۇرچاق، قارا توخۇنىڭ يېغى قاتارلىقلارنى چاچ چۈشۈپ كەتكەن جايغا چاپسا چاچ ئۈندۈرۈش، چاچنى جانلاندۇرۇش، چاچ يوق ئورۇنغا چاچ چىقىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ كۆرسىتىلگەن ھەم بۇ ئۇسۇل تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

9) چاچنى ئاسراش ئۈچۈن، چاچقا ئوسما، قارا كۈنجۈت، سىيادان، زەنجىۋىل قاتارلىقلارنى تەڭ مــقــداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ئۇنىڭدىن چاچ مەلھىمى تەييارلىۋېلىپ، ھەر ھەپتىدە بىر ــ ئىككى قېتىمدىن چاچقا سۈۋاپ بەرسە بولىدۇ.

10) چاچنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ بېرىش كــېــرەك. كۆپ تاراپ بېرىش كېرەك. ئاياللار ئۇخلىغاندا، چېچىدىكى تاغاق، قىسقۇچلىرىنى ئېلىۋېتىش، چىڭ ئۆرۈلگەن ۋە چىڭ چىگىۋېتىلگەن چاچنى بوشىتىۋېتىش كېرەك، بولمىسا چاچ يۇلۇنۇپ كېتىش، چاچ چۈشۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

11) ياشانغان ئەر ــ ئاياللار ئىمكانقەدەر چېچىنى خىمىيلىك بوياقتا بويىماسلىقى كېرەك. ياشانغانــلار دائــىم چاچ بويىسا، بەدەنىنىڭ مادداا ئالماشتۇرۇشى قالايمىقانلىشىپ، بۆرەك زەئىپلىشىدۇ. چاچنىڭ ئورنى كۆزگە بەك يېقىن بولغاچقا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ياشانغانلار چاچ بويىمىسىمۇ، ئاپئاق كۈمۈشتەك چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ، ئەركىن ــ ئازادە يۈرۈشى كېرەك. چۈنكى، گۈزەللىكمۇ ساغلاملىققا يول بېرىشى كېرەك. شۇڭا ئۆزىنى خۇشال تۇتۇپ، خاتىرجەم ياشىشى، ھەرگــىــزمــۇ قورۇنماسلىقى كېرەك. چاچ قارا بولمىسىمۇ، تەن ساغلام بولسىلا بولىدى.

(ئاپتورلىرى: خوتەن پېداگوگىكا تېخنىكومىدا)


# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى باياۇرگۇ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۈنۈۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ (0991)

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



ئابدۇقەييۇم مىجىت

# ئۇيغۇرلاردا باغاق

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىدە يېزىقنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلاردا خەت ـ ئالاقە ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان ۋە بىرلىككە كەلگەن مۇئەييەن شەكىللەر بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە كەڭ ئومۇملاشقان. جۈملىدىن، باغاقمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈردۇر.

باغاق—مەلۇم بىر ئورۇن، كوللېكتىپ ياكى شەخسنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە مەلۇم بىر يىغىن، ئۆمۈر مۇراسىمى ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ئورنى ۋە ۋاقتىنى بىلدۈرۈش (ئۇقتۇرۇش) ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان خەت ـ چەكنىڭ بىر تۈرىدۇر. «باغاق» سۆزى ئەسلىي «بارغاق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ «تەكلىپنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باغاق شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن خەت ـ چەكلەرنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ۋاقىت، ئورۇن، چاقىرىلغۇچى بىلەن چاقىرغۇچىنىڭ ئىسمى، ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىمنىڭ خاراكتېرى (تويمۇ ياكى ماتەممۇ؟) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باغاق گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىدىكى كىچىككىنە بىر تۈر بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە ئالاقە چۈشەنچىلىرى، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى، ھەر خىل نەقىشلەر، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۈرلۈك مۇراسىملارغا باپ كېلىدىغان ئاممىباب شېئىرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر ـ بىرىنى مەلۇم مۇراسىم ياكى پائالىيەتلەرگە چاقىرغاندا، تەكلىپ قىلغاندا چىرايلىق ھۆسنخەتلەر بىلەن بېزەلگەن، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر، ھېكمەتلىك شېئىرلار بىلەن مەزمۇنلانغان باغاقلارنى ئەۋەتىش بىر خىل مەدەنىيلىكنىڭ بەلگىسى. بارلىق ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ھەر خىل مۇراسىم ـ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن باغاقلارنى ئەۋەتىپ ياكى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرسىمۇ، كۆپ قىسىم كىشىلەر باغاققا سىڭگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى ھەققىدە ئانچە ئويلىنىپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ بەزى تەركىبلىرى بىزگە بەك تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلار ھەققىدە ئويلىنىش، تەتقىق قىلىشنىڭ ۋە ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوقتەك بىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز تۆۋەندە باغاقنى ھەر خىل نۇقتىلاردىن چىقىپ تەھلىل قىلىپ كۆرىمىز.

ئۇيغۇرلاردا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان مۇراسىم ۋە پائالىيەتلەر مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئاغزاكى ئۇقتۇرۇلماستىن، بەلكى باغاق ۋە تەكلىپنامىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق رەسمىي شەكىللەر بىلەن ئۇقتۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرلار باغاققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ تونۇش - بىلىش، يېقىن - يورۇقلىرى بىرەر مۇراسىم ياكى پائالىيەت ئۆتكۈزگەندە ئۇنىڭغا باغاق ئەۋەتمىسە، «مېنى قاتارغا (ئارىغا) ئالماپتۇ» دەپ خاپا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار «قاتاردىن قالغىچە، خاتادىن قال» دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ تونۇش - بىلىش، قولۇم - قوشنا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىدۇ. يەنى، ئۆمۈر مۇراسىمى ۋە ھەرخىل پائالىيەتلەرگە باغاق ئەۋەتىش — باغاق ئەۋەتىلگۈچىگە بولغان ھۆرمەت، ئېھتىرام ۋە ئىززەت - ئىكرامنىڭ، شۇنداقلا، قاتارغا قوشقانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «چاقىرىلمىغان مېھمان، سۆيۈرۈلمىگەن جايدا ئولتۇرار»، «چاقىرغاننىڭ ئىپتى ئۇلۇغ»، «چاقىرمىغان يەرگە بارماڭ، چاقىرغان يەردىن قالماڭ» («قىچقىرمىغان يەرگە بارماڭ، قىچقىرغان يەردىن قالماڭ» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار) دېگەندەك ماقالىلەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ ماقالىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقىنى دەل ۋە كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. باغاق يازغاندا شۇ مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنا ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن خەتنى چىرايلىق يازىدىغان بىرەرسىنى چاقىرىپ يازدۇرىدۇ. مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ بالدۇرراق تەييارلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن، باغاقلارنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈشتىن ئۈچ - تۆت كۈن بۇرۇن تارقىتىدۇ. «ئۇيغۇرلار كىيىم - كېچەكنىڭ رەڭگىنى يەنە مۇراسىم خاراكتېرىگە قاراپ ئۆزگەرتىدۇ» ① . شۇڭا باغاق بالدۇرراق تارقىتىلسا، شۇ مۇراسىمغا باپ كېلىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى بالدۇرراق تەييارلىۋېلىشقا قۇلايلىق بولىدۇ. باغاقنى ئادەتتە مۇراسىم ئىگىسى (تويى بولىدىغان قىز ياكى يىگىت...) ئۆزى تارقاتمايدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ يېقىن ئەل - ئائىلە، دوست - يارەنلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىغا ئۆز قولى بىلەنمۇ بېرىدۇ. باغاقنى مۇراسىم ئىگىسىنىڭ شەخسەن ئۆز قولى بىلەن بېرىشى بىر خىل كۆڭۈل يېقىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تىل جەھەتتە، باغاقلارنىڭ تىلى كۆپىنچە بىرىنچى شەخس كۆپلۈك (يەنى «بىز»)تە بولىدۇ. بىرىنچى شەخس بىرلىك (يەنى «مەن») ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. كۆپىنچە مۇراسىملار مەلۇم بىر شەخس ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلسىمۇ، ئۇ مۇراسىملارنى تەشكىللەش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۆپرەك ئادەم مەسئۇل بولىدۇ. يەنە كېلىپ، خەت - چەكلەردە بىرىنچى شەخس كۆپلۈك (يەنى «بىز»)نى ئىشلىتىش شۇ پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ ۋە شۇ پىكىرنى قوللىغۇچىلارنىڭ كۆپلىكىنى، شۇنداقلا بىر خىل ئۆملۈك، ئىناقلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار شېئىرىي تۇيغۇغا باي خەلق. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھايات ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى شېئىرىي شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. توي باغاقلىرىغا ئاساسەن مۇكەممەل بىر پۈتۈن مەزمۇن ئىپادىلەنگەن رۇبائىي شەكلىدىكى شېئىرلار يېزىلىدۇ، بەزىلىرىگە غەزەللەرمۇ يېزىلىدۇ. ئېنىقكى، توي بىر خۇشاللىق ئىش. شۇڭا توي باغاقلىرىغا تويى بولغۇچى قىز - يىگىتنىڭ بەختلىك بولۇشى، «بېشى باش، ئايىغى تاش» بولۇپ، بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتۈشكە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلەر، ئىزگۈ تىلەك ۋە ياخشى نىيەتلەر ئىپادىلەنگەن شېئىرلار يېزىلىدۇ.

ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم ۋە پائالىيەتنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ باغاقنىڭ رەڭگى، شەكلى، ئۇنىڭغا يېزىلىدىغان خەتلەر ۋە كىرگۈزۈلىدىغان سۈرەتلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

باغاقلارنىڭ تاش قېپى (سىرتىغا) ھەرخىل گۈللەر (بىر جۈپ قىزىلگۈل ياكى ئەتىرگۈل)، قوش يۈرەك شەكىللىك سىخېملار، بىر جۈپ ئاق كەپتەر، بىر جۈپ كېپىنەك، تويلۇق ئۈزۈك، ئوغۇلنىڭ قىزنىڭ قولىغا تويلۇق ئۈزۈكنى سېلىپ قويۇۋاتقان كۆرۈنۈش، توي يۈتكەش ئۈچۈن زىننەتلەنگەن ماشىنىلار ۋە چولپانلارنىڭ رەسىملىرى كىرگۈزۈلسە، ئۇنىڭدىكى شېئىرلار، ھۆسنخەت ۋە نەقىشلەر باغاقلارنىڭ ئىچى تەرىپىدە بولىدۇ. توي باغاقلىرىدا چىرايلىق نەقىشلەر، گۈللەر،

چولپانلار (ئاساسەن كىنو چولپانلىرى) ۋە گۈزەللەرنىڭ رەسىملىرىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرىدە قىزىل رەڭ ياخشىلىق، خۇشاللىق، بەخت - سائادەت ۋە غەلىبىنىڭ، يېشىل رەڭ (مايسا رەڭ) بولسا ياشلىق، جۇشقۇنلۇق، ھاياتلىق ۋە تىنچلىقنىڭ سىمۋولى بولغاچقا، باغاقلارغا، بولۇپمۇ، توي باغاقلىرىغا قىزىل، يېشىل، كۆك... قاتارلىق شوخراق رەڭلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت جەھەتتە تارىختىن بىرى ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن بولغاچقا، شۇنداقلا ئېستېتىك تۇيغۇ جەھەتتىكى ئورتاقلىق تۈپەيلىدىن، ھىندىستاننىڭ كىنو، ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلىرىنى خېلى ياقتۇرۇپ كەلدى. شۇڭا، توي باغاقلىرىغا ھىندىستان كىنو چولپانلىرى (شارۇلخان، ئامىرخان، كاجول. جوھى... قاتارلىقلار)نىڭ سۈرىتىنى كىرگۈزۈشمۇ خېلى ئومۇملاشتى، ھەتتا، بەزى باغاقلارغا ئاشىق - مەشۇقلار سارىيى دەپ ئاتالغان تاجمەھەلنىڭ سۈرىتىمۇ كىرگۈزۈلدى. بۇ، باغاقلارنىڭ كۆرسىنى بىر مەزگىل يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ توي قىلماقچى بولغان بەزى قىز - يىگىتلەر توي باغاقلىرىغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى كىرگۈزۈپ مەخسۇس لايىھىلىتىدىغان ئىش بارلىققا كەلدى.

بەزى باغاقلاردا مىللىي ئالاھىدىلىك ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن، بەزى باغاقلارغا قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى قەشقەرگە بولغان مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر باغاقچىلار يەنە قازاق ۋە موڭغۇل تىل - يېزىقىدىكى باغاقلارنىمۇ ياساپ ساتىدۇ.

بۆشۈك توي ۋە سۈننەت (خەتنە) تويىنىڭ باغاقلىرىدا كۆپىنچە بۇدرۇق بوۋاقلارنىڭ ياكى خەتنە قىلىش يېشىغا توشقان ئوغۇل بالىلارنىڭ رەسىملىرى بولىدۇ. دېمەك، بۇ باغاقلارغا كىرگۈزۈلگەن رەسىمنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىگە قاراپلا ئۇنىڭ قايسى خىل مۇراسىمنىڭ باغىقى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ باغاقلارغا شۇ بوۋاق ياكى ئوغۇلنىڭ (ياكى قىزنىڭ) ساغلام، ئەقىللىق چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش مەزمۇنىدىكى شېئىرلار ياكى گەپ - سۆزلەر يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەل ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن بىر ئوغۇل بەردى خۇدا،
ئىز بېسىپ ئەجداد ئۈچۈن ئەيلىگەي جانىنى پىدا.
مېھىر - شەپقەت بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ كەلگەچ ئۇدا،
يېشىغا توشتى مانا، سۈننىتى بولسۇن ئادا.

كىشى ھاياتىدا تۇغۇلۇش، خۇشاللىق بولغان ئىكەن، ئۆلۈش ۋە ماتەم - مۇسىبەتمۇ بولىدۇ. ماتەم مۇراسىم باغاقلىرى «مۇسىبەتنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نەزىر ۋە ماتەم مۇراسىمى باغاقلىرى بىلەن توي باغاقلىرى ئوتتۇرىسىدا مەزمۇن (مەسىلەن، ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى، يېزىلىدىغان مەزمۇن قاتارلىقلار)، رەڭ، نەقىش ۋە شەكىللەردە خېلى روشەن پەرقلەر بولىدۇ. ماتەم مۇراسىملىرى ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغان باغاقلارنىڭ مەزمۇنى ۋە خەت شەكلى ئاددىي ھەم تۇزلا بولىدۇ. رەڭلەردىن ماتەم ۋە قايغۇنىڭ سىمۋولى بولغان قارا ۋە ئاق رەڭ ئىشلىتىلىدۇ، باشقا رەڭلەر ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ خەت - ئالاقە ئىشلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ماتەم مۇراسىم ۋە نەزىر باغاقلىرىدا يەنە مەسچىت گۈمبىزى، مەسچىت مۇنارى، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي تىمسالى (سىمۋوللۇق بەلگىسى) بولغان ھىلال ئاينىڭ ۋە ھەرەمدىكى ھەجەرۇل - ئەسۋەد (قارا تاش)نىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلىدۇ. بەزى مۇسىبەتنامىلەرگە، بولۇپمۇ، نەزىر باغاقلىرىغا مەرسىيەلەرمۇ يېزىلغان. مەسىلەن:

ھەر كىشىنىڭ بېشىغا بار ئۆلۈم - مۇسىبەت،
بارار جايىمىز باقى دۇنيا زادى ئاقىۋەت.
ھاياتلارغا كېرەك بولسا ياشاش، پاراغەت،
ئەرۋاھلارغا كېرەكى دۇئا - تىلاۋەت.
نەزىر قىلدۇق (مەرھۇم) ئۈچۈن چېكىپ نادامەت،
قەدەم تەشرىپ قىلىپ بەرسىلە ئەھلى جامائەت.
قالغانلارغا ئامانلىق تىلەيلى بىز ھەر سائەت،

دۇئا بىلەن ئەل كۆكرىپ كۈلسۇن داۋامەت.

باغاقلارغا يېزىلغان بۇ شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرى مەلۇم ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خۇددى ئىجاد قىلىنىشتىن توختاپ قالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يەنە تۇرمۇشىمىزنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا قارايدىغان بولساق ئۇ يەنىلا ئىجاد قىلىنماقتا. مېنىڭچە، باغاقلاردىكى شېئىرلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

باغاقلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خەت شەكىللىرى: ئۇيغۇر ھۆسنخەتلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، باغاقلاردا كۆپىنچە تۈز خەت شەكلى، كەسمە خەت شەكلى، تەئلىق خەت شەكلى، رۇقئىي، ئەسلىيە خەت شەكلى، كۇفى خەت شەكلى ۋە سۇلۇس خەت شەكىللىرى... قاتارلىق ھۆسنخەت شەكىللىرى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر يېزىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان نەقىشلەر: باغاقلارغا مول مەزمۇنلۇق شېئىرلارنى ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىپ، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا چىرايلىق نەقىشلەرنى چىقارغاندا باغاقنىڭ كۆركەملىكى ۋە سەنئەتلىك تۈسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. باغاقلاردا كۆپىنچە يان نەقىش، بۇلۇڭ نەقىش، ئايلانما نەقىش، گىرۋەك نەقىش... قاتارلىقلار كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، بەزى باغاقلارنىڭ قىرى ھەرە چىشى شەكلىدە بولىدۇ.

ئۇيغۇر باغاقچىلىقىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى: دىيارىمىزدىكى باغاق ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئورۇنلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۈرۈمچىدە نۇرمۇھەممەد تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ «شادلىق» سودا ـ سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، يۈسۈپجاننىڭ «ناۋا ئۈن ـ سىن مەركىزى» ۋە ئابلىكىمنىڭ «باغاق پادىشاھى»... قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۇيغۇرچە باغاقلار ئىشلىنىدۇ. ئۈرۈمچىدە نۇرمۇھەممەد تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ «شادلىق» سودا ـ سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە مەخسۇس باغاق بېسىلىدىغان، لايىھىلىنىدىغان بولۇپ، ھازىرغىچە بازارغا سېلىنغان باغاقلارنىڭ تۈرى 300 خىلدىن ئارتۇق ئىكەن. ئۇلارنىڭ باغاقلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرمۇ سېتىۋالىدىكەن.

چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئۆتكۈزمەكچى بولغان مۇراسىم ياكى پائالىيەتلىرىنى ئۆز قېرىنداشلىرىغا، خەلقئالەمگە ئۆز ئانا تىلىدا جاكارلاش، بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ھۆسنخەتلەر بىلەن بېزەلگەن باغاقلارنى زاكاز قىلىدىكەن، بەلكىم ئۇلار تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى باغاقلار بىزنىڭ باغاقلىرىمىزدىن تېخىمۇ كۆركەم، تېخىمۇ سۈپەتلىك بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز ئانا تىلىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇيغۇرچە باغاقلارنى ئىشلىتىشى بىزنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ شىركەت خوتەن قەغىزىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خوتەن قەغىزىنىڭ يېڭى ئەسىردىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، خوتەن قەغىزىدىن باغاق ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سالدى. خوتەن قەغىزى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى، ئۇنىڭ يوقاپ كەتمەي ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىشى بىزنىڭ ئۇنى ئىشلىتىشىمىزگە باغلىق. كەشپىياتنىڭ قىممىتى ئۇنى ئىشلىتىشتە. قىسقىسى، باغاق ئۇيغۇر خەت ـ چەكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۆركەم، ئەڭ رەڭگارەڭ، سەنئەتلىك تۈسى ئەڭ قويۇق بولغان بىر تۈر بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەينىكى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىزاھات:

① ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەككە ئائىت پەرھىزلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىلى 1 ـ سان، 81 ـ بەت.

پايدىلانمىلار:

① تاشمۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر نەقىش ئېلېمېنتلىرى ۋە نەقىشلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

② ئەلى ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

③ ھەبىبۇللا روزى: «ئۇيغۇر ھۆسنخەت نۇسخىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپى 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



ئىلدىكو بەللەر ھانن (گېرمانىيە)

# 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى

*ئاپتور ھەققىدە:*

*ئىلدىكو بەللەر ھانن (Ildikó Bellér- Hann) 1956 ـ يىلى ۋېنگرىيىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتىكى ئوتۋۇش ـ لوراند (Eötvös Lóránd) ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركىي تىللىرى ئەدەبىياتى، ئىنگلىز تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە ئارخېئولوگىيە قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە ئوقۇغان. 1989 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا تۈركىي تىللىرى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2005 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىن-دىكى خۇمبولدت ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنستىتۇتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى كەسپى بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. ھازىر تۈركىي تىللار تارىخى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ جەمئىيەت ئانتروپولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قاتارلىق تېمىلاردا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا، تۈركىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قارا دېڭىز بويلىرى رايونلىرىدا ۋە قازاقىستاندا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلاردا بولغان. ھازىر گېرمانە-يىنىڭ ھاللە شەھرىدىكى مارتىن ـ لۇتەر ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدۇ. ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن ماقالە ۋە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.*

مېھماندارچىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان جامائەت پائالىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ بەزى جەمئىيەتلەردە يۇكسەك خىسلەت دەپ قارالسا، بەزى جەمئىيەتلەردە ئۇنداق دەپ قارالمايدۇ. مېھماندارچىلىق بەزىدە بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆزىدىن پەخىرلىنىشىنىڭ مەنبەسى بولۇپمۇ قالىدۇ. بۇ خىل قاراش ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىپادىلەشتە مېھماندوستلۇقنى بىرىنچىلەپ تىلغا ئالىدۇ. مەيلى شەھەر ئاھالىسى ياكى يېزا ئاھالىسى بولسۇن، مەيلى زىيالىي ياكى دېھقان بولسۇن ھەممىسى تۆۋەندىكى قاراشقا بىردەك قو-شۇلىدۇ: مېھماندارچىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ ماھىيەتلىك قىممىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئوخشاشلا مېھماندارچىلىقنىڭمۇ تارىخى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆز رو-لىنى ئارتقۇزۇپ، مەنە ـ ئۇقۇملىرى قېلىپلاشقان ئۇيغۇر مېھماندارچىلىقى ھەققىدە ئازادلىقتىن بۇرۇن ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغانىدى. بۇ ماقالىدە يەرلىك ئاپتورلار بىلەن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب

دۆلەتلىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ قارىشىدىكى ئۇيغۇر مېھماندارچىلىقىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. مېھماندارچىلىقنىڭ دىنىي قانۇن ۋە ھۆكۈمەت قانۇنىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ساھەنىڭ چەكلىمىسىدىن باشقا يەنە يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنلىرىنىڭمۇ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقى تەھلىل قىلىنىدۇ.

مېھماندارچىلىقنىڭ دىنىي مۇراسىملار، كىشىلىك مۇراسىملار، شۇنداقلا باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقى ھەمدە مېھماندارچىلىقتا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزىبىر ئۆزگىچىلىكلەر، ئائىلىۋى، بىر داستىخاندا غىزالىنىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلاردا قائىدە ـ يوسۇنلارنى بۇزغانلار كۆپچىلىكنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغانلىقى قاتارلىقلار يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

## مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش مېھماندارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىلەن بىر قىسىم زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ شەكىللىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەنە شۇ قائىدە ـ يوسۇنلار ئاساسىدا ئىش يۈرگۈزىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەن. ئەمما، ئائىلىدىن ئىبارەت جەمئىيەتنىڭ بۇ كىچىك بىرلىكى يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئۇلار ئائىلە بىرلىكىدىن ھالقىغان، كەڭ يېيىلغان ھەم داۋاملىشىدىغان جامائەتچىلىككە موھتاج. بۇ خىل جامائەتچىلىكنى ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن مېھماندارچىلىقتىن ئىبارەت ئۈلگىلىك شەكىللەر ئارقىلىق داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە پەقەت مېھماندارچىلىق ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىن بۇرۇن، مۇراسىم پائالىيەتلىرى بىلەن بىر كىشىنىڭ بايلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئېڭى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى زىچ بولۇپ، باشقىلارنى ئويلاش ئاساسىدىكى تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئېڭى كۈندىلىك ئىشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى؛ بىر كىشى: «مېھماندارچىلىقتىن ئىبارەت بۇ پائالىيەت ھەر بىر كۈننى مۇراسىم كۈنلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان» دېگەنىدى. مېھماندارچىلىق نۇرغۇنلىغان چەكلىمىلەرنىڭ تىزگىنلىشىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ ماڭا پىتت ـ رىۋېرس (Pitt – Rivers) دېگەن بىر ئانتروپولوگنىڭ سۆزىنى ئەسلەتتى. بۇ كىشى مېھماندارچىلىق قائىدىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، يات بىر كىشىنىڭ جامائەت توپىغا قېتىلىشى بىر خىل جاپالىق جەريان، بۇ جاپالىق جەريان «مېھماندارچىلىقنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر سىناق بولغاندىن سىرت يەنە كىشىلەرنىڭ جامائەتچىلىككە قوشۇلۇشىنىڭ بىر مۇراسىمى» دۇر دېگەنىدى ①. شىنجاڭدىكى مېھماندارچىلىق بىر قانچە مەقسەتلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ: مېھماندارچىلىق ئائىلىنى بىرلىك قىلغان، قوشنىلار ياكى مەسچىتتىكى جامائەتنى بىرلىك قىلغان جامائەت تورىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، مېھماندارچىلىقتىكى ساخاۋەت ئىشلىرىمۇ ئوخشاشلا جامائەتچىلىكنىڭ داۋاملىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. مۇھىم بولغان دىنىي ۋە كىشىلىك پائالىيەتلەر كەڭ دائىرىدىكى بىللە تاماق يېيىش پۇرسەتلىرىنى ياراتقان؛ باي ئائىلىلەر سېخىيلىق بىلەن مەسچىتتىكى جامائەتكە، بەزىدە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ جامائەتكە مېھماندوستلۇقنى يەتكۈزىدۇ. مۇشۇنداق مۇراسىملارغا يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بۇ پائالىيەتلەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. بەزى تەبرىكلەشلەر بەلگىلىك مۇراسىم ۋەزىپىلىرىنى بېكىتكەن بولىدۇ، تاماق ۋە مۇلازىمەت شەكلىدىكى ساخاۋەتنى، سەدىقىنى ھەمدە مېھماندارچىلىقنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ سورۇنلاردا مەۋجۇت بولۇشى، ئائىلىلەرنىڭ ساۋابلىق ئىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلىغان. مېھماندوستلۇق كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈلگەچكە، كۆچى يەتكەنلىكى كىشىلەرنىڭ مېھماندوست بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

جامائەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە كۈچەيتىدىغان دائىمىي مېھماندارچىلىق (قوشنىلار ۋە يېقىن تۇغقانلار ئارا يوقلاشلار) بىلەن پەقەت مۇھىم مۇراسىملاردىلا بولىدىغان كەڭ دائىرىدىكى ۋاقىتلىق، ئاممىۋى مېھماندارچىلىق ئارىسىدا پەرقلەر بار. بۇ خىل پەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىر پارچە ئەسەر ئارقىلىق جايىدا ئېچىپ بېرىلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھەممە ياخشى كۆرىدىغان ئوبراز ـ نەسىردىن ئەپەندىم قۇربان ھېيتنى يات بىر يۇرتتا ئۆتكۈزۈپتۇ، ئەپەندىم ھەر بىر ئۆيگە ھېيتلاپ كىرگەندە ئۆي ئىگىلىرى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. ئەپەندىم كەچتە ئۆيگە قايتىپ، ئايالىغا زىيارەتچىلەرگە مېھماندوستلۇقنى ئايىمايدىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ ماكانىنى تاپقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئاشۇ يۇرتقا مەڭگۈلۈك كۆچۈپ كېتىشنى قارار قىلىپتۇ. بىراق، قۇربان ھېيت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئەر ـ ئايال ئىككىسى ھەممە ئۆيگە كىرىپمۇ بىر پىيالە چاي ئىچەلمەي قايتىپ چىقىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ ②.

يات كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بېكىتىش ئاسان ئىش ئەمەس، بۇنى بېكىتىشتە بەزى ۋاقىتلاردا دىنىي، مىللىي ياكى دىنىي ـ مىللىي ئامىللار مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، بىراق بىر دىن ۋە مىللەت نۇقتىسىغىلا ئېسىلىۋالساق بولمايدۇ. دىن ۋە مىللەت ئامىللىرىغا، شۇنداقلا بۇنىڭدىن باشقا ئامىللارغا چېتىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېقىنلىقمۇ كىشىلەرنىڭ «پالانى مېنىڭ ئۆز خىلىم ئىكەن» دېيىشىگە يېتەرلىك ئاساس بولالمايدۇ.

مۇراسىم مېھماندارچىلىقى دىنىي كالېندار ۋە تۇرمۇش مۇراسىملىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يېزىقتا خاتىرىلەنمىگەن قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەنمۇ باغلىنىدۇ. يېرىم تۈزۈملەشكەن شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى مەقسەت قىلغان مېھماندارچىلىقتا جامائەت ئەزالىرىنىڭ يېزىقتا خاتىرىلەنمىگەن قائىدە ـيوسۇنلارغا ئەمەل قىلغان ـ قىلمىغانلىقى سىنىلىدۇ ③ . تۆۋەندە بىز ئورتاق بەھرىمەن بولۇش قارىشى نۇقتىسىدىن مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

## بىر داستىخاندا غىزالىنىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى

مېھماندارچىلىق قارىشى تاماق ۋە ئىچىملىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بايلىق ئاز بىر قىسىم كىشىلەرگىلا مەركەزلەشكەچكە، تاماق ھەممە كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغان مەسىلىسى ئىدى؛ كەمبەغەللەرنىڭ غېمى ھايات قېلىش ئىدى، تۇرمۇشى ياخشى، باي كىشىلەرنىڭ ئېشىنچا بايلىقىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ئاشلىقنى قايتا تەقسىملەش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. قايتا تەقسىملەش يالىلاش ـ ياللىنىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە داۋام قىلدۇرىدۇ. مەلۇم كىشىلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىدە ئېسىل تاماقلارنىڭ تارتىلىشى، شۇ كىشىنىڭ ئۆز بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىشى ۋە ئۆزىنى كۆرستىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرۇيىنى ئاشۇرىدۇ.

بىر داستىخاندا غىزالىنىش جامائەتچىلىكنى ساقلاپ قېلىش، مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان چەت ئەللىكلەر مېھماندارچىلىق پرىنسىپلىرىدا مېھماندارچىلىقنىڭ مەجبۇرىيەت خاراكتېرى بىلەن سىنىپىي تەبىقە خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. مېھماننى قارشى ئالىدىغان ئورۇن (قوۋۇق، ھويلا، بوسۇق) بىلەن مېھمان بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سوراش ئەھۋاللىرى مېھماننىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بىلەن پەرقلىق ئېلىپ بېرىلغان. ئۆزئارا تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ، ھېچبولمىدى دېگەندىمۇ چاي بېرىلىدۇ، ئادەتتە ئېسىل مېھمانلارغا تاماق تارتىلىدۇ. يۇقىرىقى يوسۇنلارغا ئەمەل قىلماسلىق ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. كەلگەن مېھماننىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تارتىلغان نازۇ ـ نېمەتلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئاددىي بولغاندا ئىككى ـ ئۈچ تەخسە قۇرۇق مېۋە، كۆپ بولغاندا 200 ـ 300 تەخسە پېچىنە ـ پىرەنىكلەر تىزىلىپ كېتىدۇ ④ .

كۈندىلىك ئىشلارنىڭ بىر تۈرى بولغان مېھماندارچىلىق ئادەتتە تاللاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قولۇم ـ قوشنىلار ھەمدە ئۆيگە چاقىرىلغان مېھمانلار ناھايىتى ياخشى كۈتۈلىدۇ. 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ياركەنتتە يېقىن قوشنىلىرىغا تاماق سۇنۇش، قوشنىسى يوق چاغلاردا ئۆيلىرىگە قاراپ قويۇش، قوشنىسى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزسىمۇ، ئۇنى ئەيىبلىمەي ئۆزىنى بېسىۋېلىش، قوشنىلىرى ئاغرىپ قالغاندا ئۇلارنى يوقلاش قاتارلىقلار بىر خىل مەجبۇرىيەت دەپ قارالغان. بىر كىشى ئاغرىپ قېلىپ، قوشنىلىرى ئۈچ كۈنچىلەپمۇ ئۇ كىشىنى يوقلاپ كىرمىگەن بولسا، ئاغرىپ قالغان كىشى قوشنىلىرىدىن ئاچچىقلىنىپ ئۇلاردىن ئاغرىنىدۇ. قوشنىلىرى ئاغرىپ قالغاندا تاماق ياكى ھېچبولمىغاندا نان بىلەن يوقلاش كۆڭۈلدىكىدەك سوۋغا ھېسابلىنىدۇ ⑤ . يېقىن كىشىلەرنىڭ تاماقتىن بىللە بەھرىمەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە بېقىندىغانلىقىنى ۋە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قېلىپلىشىپ كەتكەن بىر داستىخاندا غىزالىنىش ئادەتلىرىدە، كەلگەن مېھمانلار تۆرگە چىقىپ ئولتۇرىدۇ. بىر داستىخاندا ئولتۇرغان جامائەتنىڭ قولى بىلەن ياكى قوشۇقلار بىلەن ئورتاق تاۋاقلاردا تەڭ غىزالىنىشى باراۋەرلىك ئېڭىنى تەكىتلەشنىڭ سىمۋولىدۇر. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەرلىك كىشىلەر تېخى چوكىنى ئىشلەتمىگەن بولۇپ، 30 يىلدىن كېيىن بەزىبىر تاماقلاردا چوكىنى ئىشلىتىش ئومۇملاشقانىدى. مۇشۇ چاغلاردىن باشلاپ قايسى تاماقلارنى ئورتاق بىر تاۋاقتا يېسە بولىدۇ، قانچە كىشى بىر تاۋاقتا غىزالىنىشى كېرەك، قانداق قاچىلارنى ئايرىم ئىشلىتىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت بىر قاتار ئىنچىكە ئەدەپ ـ قائىدىلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. تاماق يېيىش بىر خىل دىنىي پائالىيەت دەپ قارىلىدۇ. تاماق دۇئا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تارتىلىدۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىپ

بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىدۇ. ئېھتىياتچانلىق بىلەن گەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. مېھمانلارغا تاماق تارتقاندا، سىز دەپ ئەمەس، بەلكى «ئالسىلا، باقسىلا» دەپ كۆپلۈك شەكلىدە گەپ قىلىنىدۇ، ئەگەردە سىز دەپ ئىككىنچى شەخس تىلىدا گەپ قىلسىڭىز بۇ بىر ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىدۇ ⑥ . تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئوخشاشلا چاي قۇيۇلىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مېھمانلار تېخى بىرلا پىيالىدىمۇ چاي ئىچكەن. كەلگەن مېھمانغا تۇتۇلغان بىرىنچى قېتىملىق چاي «سىنچاي» دەپ ئاتىلىدۇ. سىنچاي ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ جامائەتچىلىكنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىرىنچى قەدەمنىڭ بېسىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چاي تۇتۇلغاندا مېھمان ئورنىدىن قوزغىلىپ «باركاللا، ھەشقاللا، رەھمەت» دېگەندەك قېلىپلاشقان سۆزلەرنى قىلىپ، چاينى ئېلىپ ئىچىدۇ. بىر قانچە كىشى تەڭ مېھمان بولغان بولسا، ھەر بىر كىشى ئۆزىگە تۇتۇلغان تۇنجى چاينى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ چاغدا باشقا مېھمانلار چاينى ئالغان كىشىنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ، چاينى ئېلىپ ئولتۇرۇشىغىچە بولغان ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئادەتتە پولۇ ياكى باشقا تاماقلار تارتىلىدۇ، مېھماندارچىلىقتا ھېچ بولمىغاندىمۇ مېھماننىڭ ئالدىغا نان قويۇلىدىغان بولۇپ، ساھىبخان ناننى مېھمانغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۇندۇرىدۇ. رامىزان ئايلىرىنىڭ ئىپتار ۋاقىتلىرىدا مېھماندارچىلىق كۆپ بولىدۇ. بۇ چاغلاردىكى مېھماندارچىلىق ئادەتتىكى مېھماندارچىلىق بىلەن ئىككى تەرەپتىن پەرقلىنىدۇ: ئۇنىڭ بىرى مېھمانلارغا سۇ بېرىلىدۇ، مېھمان قايتىشىدا بىر قانچە نان سوۋغا قىلىنىدۇ. ئىككىنچىسى تاماقتىن كېيىن جامائەت دۇئا قىلىپ ئاندىن يانىدۇ. ساھىبخاننىڭ مېھمانلارنى ئۆيىنىڭ قوۋۇقىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ ⑦ .

كۈندىلىك مېھماندارچىلىقتىكى قائىدە ـ يوسۇنلاردا نۇرغۇن چەكلىمىلەر بار، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خوتەندە بىر كىشى ئەگەر بىر كۈندە بىر ئۆيگە ئون قېتىم كىرگەن بولسا، ھەر بىر قېتىم كىرگەندە بۇ كىشىگە داستىخان سېلىنىدۇ. ئۆيگە كەلگەن مېھماننى مېھمان قىلماي ياندۇرۇش بىر ئائىلە ئۈچۈن نومۇس ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئورنى خېلى يۇقىرى بولغان باي كىشىلەرنىڭ مېھمانلارغا ئاتاپ سېلىنغان ئايرىم ئۆيلىرى بولىدۇ. ئەمما، بۇ مېھمانلىق ئۆيلەر ھويلىنىڭ سىرتىغا سېلىنمايدۇ، ئەگەردە ئۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ ئەدەپسىزلىك، نومۇسلۇق ئىش دەپ قارىلىدۇ. مېھمان تۇرىدىغان ئۆي بىلەن ئۆي ئىگىسى تۇرىدىغان ئۆي ئارىسىدا مەلۇم ئارىلىقنىڭ ساقلىنىشى بەلكىم مېھماندارچىلىقتىكى تەڭ بەھرىلىنىش پرىنسىپىغا خىلاپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ جامائەتچىلىك ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراشقا ماس كېلىدۇ. تۇرمۇشى ياخشى ئائىلىلەرنىڭ كەلگەن مېھمانلارغا مېھماندوستلۇقىنى ئالاھىدە يەتكۈزۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاتخانىسى بار كىشىلەر ئات مىنىپ كەلگەن كۈتۈلمىگەن مېھمانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەييارلىقلارنى قىلىپ قويىدۇ. مول ھوسۇللۇق چاغلاردا باي دېھقانلار مەلۇم مىقداردىكى قوناق، ئارپىلارنى مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىغا ئاتاپ ئېلىپ قويىدۇ ⑧ . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرلۇك (Nur Luke) (خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان يەرلىك ئۇيغۇر. بۇ ئىسىم ئۇيغۇر ئىسمى «نۇر» (Nur) بىلەن ئىنجىلدىكى خرىستىئانچە ئىسىم «لۇك» (Luke) دىن تۈزۈلگەن) ئىسىملىك بىر يەرلىك يازغۇچىنىڭ «ئەيىب، نومۇس» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى تەكرار ـ تەكرار ئىشلىتىپ مېھماندارچىلىقنى چۈشەندۈرۈشىدىن مېھماندارچىلىقنى ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە مەجبۇرىيەتتىن ئىبارەت تېخىمۇ كەڭ دائىرىگە قويۇپ چۈشەندۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ياركەنتتە ئۆيدە تاماق قىلىۋاتقان ياكى تاماقنى ئۇسۇۋاتقان چاغلاردا ئۆيگە بىرسى كىرىپ قالسا، بۇ كىشىنى بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ ⑨ . گەرچە مېھماندارچىلىقتىكى تەكەللۇپ سۆزلىرى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئىجتىمائىي باراۋەرلىك مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ ئېيتساقمۇ، موللا ئابدۇقادىر ئىسىملىك يەنە بىر يەرلىك يازغۇچى مېھماندارچىلىق ئىجتىمائىي قاتلاملارغا ئايرىلغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مېھماندارچىلىقنى كەلگەن مېھماننىڭ جەمئىيەتتىكى يۇقىرى ئابرۇيى ۋە بايلىقىغا قاراپ كەمبەغەل ۋە ئورنى تۆۋەن كىشىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ. يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە كىشى تۆردە ئولتۇرسا، تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر پەگادا ئولتۇرىدۇ. جەمئىيەتتە ئورنى بار كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچا تۇتۇپ قولىغا سۇ بېرىدۇ، كەمبەغەللەرگە ئۆرۇقتا قولىغا سۇ بېرىلىدۇ. ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ھەرخىل تاماقلارنى تارتىدۇ ھەمدە ئۇلار يانغاندا، ساھىبخان ئۇلارنى ئۆيىدىن يەتتە قەدەمچە ئۇزىتىپ قويىدۇ. كەمبەغەللەرنى ئاددىي تاماقلار بىلەنلا كۈتىدۇ، ئۇلار يانغاندا ساھىبخان ئۇلارنى ئىشىككىچىلا ئۇزىتىپ قويىدۇ ⑩ . مېھماندارچىلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى شىمالىي شىنجاڭدىكى تارانچىلارنىڭ تۆۋەندىكى ئاتىلار سۆزىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

توي ـ تونلۇقنىڭ،
ھېيت ـ ئاتلىقنىڭ.

بۇنىڭ مەنىسى ھېيتلىغاندا ئات مىنگەن ئادەم پىيادە ماڭغان ئادەمگە قارىغاندا بەكرەك ئىززەتلىنىدۇ، مېھمان كاتتىا كىينىسە، تۆردىن ئورۇن ئېلىپ، ئىززەتلىنىدۇ، كونا كىيىنسە، باشقىلارنىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ دېگەندىن ئىبارەتتۇر⑪ . جامائەت پائالىيەتلەردە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە بايلىقنى كۆرسىتىش جەنۇبىي شىنجاڭدا ناھايىتى مۇھىم ئىش بولۇپ، بۇنى ياركەنتتە خاتىرىلەنگەن تۆۋەندىكى ئاتىلار سۆزى دەلىللەپ بېرىدۇ:

كىم چاپاننى يېڭى كىيسە، پادىشاھنىڭ ئوغلى شۇ،

كىم چاپاننى كونا كىيسە، تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ⑫ .

مېھماندارچىلىق بىرلا ۋاقىتتا باشقىلارنى ئويلاش ۋە ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ساھىبخان بولغان كىشى ھېچبولمىغاندا چاي بىلەن نان قويۇپ ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى بىلدۈرۈشى، مېھمانمۇ بۇ خىل مېھماندوستلۇقنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. كەلگەن مېھماننىڭ چاي، تاماقلارنى رەت قىلىشى، ئەڭ مۇھىمى بىرلىكتە غىزالىنىشنى رەت قىلىشى ئائىلىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىغا قىلىنغان چوڭ ھاقارەت، دەپ قارىلىدۇ⑬ . بۇ خىل يوسۇن شىنجاڭدا ھازىرغىچە بار، مېھمان قايتىدىغان چاغدا ساھىبخانغا رەھمەت ئېيتىدۇ، ساھىبخانمۇ ئۆزىنىڭ مېھمانلاردىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى بىر چەت ئەللىك كۆزەتكۈچى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «داستىخانغا تىزىلغان نەرسىلەر مېھماننىڭ بايلىقىدۇر، مېھمانلارنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى يېمىگەنلىكى مېھماننىڭ ساھىبخانغا بەرگەن سوۋغىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ساھىبخان مېھمانغا رەھمەت ئېيتىدۇ»⑭ . بۇ بىزگە مېھماندارچىلىق ئۇقۇمىنىڭ ئادەتتىكى بايلىق ئۇقۇمى بىلەن تەتۈر مەنىدە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تاماق ۋە ئىچىملىكنىڭ ئىگىسى بولغان ساھىبخان داستىخان سېلىپ، ئۆزىنىڭ نازۇ ـ نېمەتلەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى مېھمانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مېھمان ئۆزى كۆڭلى تارتقان نازۇ ـ نېمەتلەردىن يەپ، يېمەكلىكلەرگە ۋاقىتنچە ئىگىدارچىلىق قىلىش «ھوقۇقى»دا سېخىيلىق قىلىپ، ساھىبخانغا بىر قىسمىنى قالدۇرىدۇ. ئورنى ئالماشقان بۇنداق ۋاقىتنچە تاماقنىڭ قېلىپلاشقان ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بەردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى خوتەندە ساھىبخان مېھمانلار بىلەن بىللە نان يېگەن بولسا، مېھمان يات كىشى دەپ قارالماي، ساھىبخان بىلەن بىر ئائىلە كىشى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. نەزەرىيە بويىچە، تۇنجى مېھماندارچىلىقتىن كېيىن بۇ مېھمان بۇ ئائىلە تەرىپىدىن دائىم قارشى ئېلىنىدۇ. ساھىبخان بىلەن بىللە نان يېگەنلىكى ئۈچۈن ھەر بىر كەلگەندە، ياتاق ۋە تاماقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنداقلا ئوخشاش ئەدەپ ۋە مېھماندوستلۇققا قەرزدار بولۇپ، ساھىبخان ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇمۇ بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆتەيدۇ⑮ . زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن، يانغان مېھمانلار بىر قاچا ئاش بىلەن بىر قانچە نان (زەللە)نى ئېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. 1930 ـ يىللاردا مېھمانلارغا زەللە بېرىدىغان مۇھىم تەرتىپنىڭ ئورنىغا قەغەزگە پۇل ئوراپ بېرىش ئىگىلىگەن بولۇپ، پۇل ئىقتىسادنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن ⑯ .

مېھماندوستلۇق ساھىبخاننىڭ ئىناۋىتىنى ئۈستۈرۈپ، ئابرۇيىنى كۆتۈرىدىغان، ساھىبخاننىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. مېھماندارچىلىقتىكى باراۋەرلىك پرىنسىپى كۆپىنچە داۋاملىشالمايدۇ. بەزى مۇراسىملاردا مېھمانلارنىڭ ساھىبخانغا ئاتايدىغان سوۋغىلىرىنىڭ ئالدىن بەلگىلىنىپ قويۇلۇشى بەلكىم مېھماندارچىلىقتا بەزىبىر باراۋەرسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ زادى قانچىلىك سوۋغا ئەكىلىشى ئالدىنئالا ئېيتىلىپ قويۇلاتتى. ئەلۋەتتە، كەمبەغەللەرمۇ مېھماندارچىلىققا چاقىرىلاتتى، ئۇلار ئۆز كۆڭلىنى پۇل بىلەن ئىپادىلىيەلمىگەن بىلەن چىنە ـ قاچا كۆتۈرۈپ، مېھمان كۈتۈپ، ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ⑰ . چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ كىشىلىك مۇراسىملاردا مېھماندارچىلىقتىكى چىقىملىرىنى سوۋغىلار ئارقىلىق كۆتۈرۈشى شىنجاڭدا ھازىرمۇ مەۋجۇت. بۇ مىسالدىن مېھماندارچىلىقتىكى باشقىلارنى ئويلاش قارىشى ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چاغلاردا، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر توپ جامائەتنىڭ يېڭى قوغۇن سورتىنى تېتىپ بېقىشى ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار قۇيرۇق ماي، گۆش، گۇرۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ قوغۇنچىنىڭ قوغۇنلۇقىغا بارىدۇ. قوغۇنلارنى يېيىشىپ بولغاندىن كېيىن، قوغۇنچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلاردىن قىلىنغان تاماقنى يەيدۇ. تاماقتىن كېيىن ھەر بىر كىشى بىردىن قوغۇننى ئېلىپ، قوغۇنچىغا بىر سەر بېرىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ⑱ . بەزى كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىشلاردا باشقىلارنى ئويلايدىغان ساختا تەكەللۇپلار كېرەك ئەمەس. خوتەندىكى يازلىق سەيلىلەردە ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش ئاساسىدا 10 ـ 15 ئائىلە بىر توپ بولۇپ، چىقىملارنى تەڭ چىقىرىشىپ، تاماق يەپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ ⑲ .

گەرچە مېھماندارچىلىق مېھمان بىلەن ساھىبخانىنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش پرىنسىپى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىسمۇ، ئۇنىڭدا ئىختىلاپلار يوقمۇ ئەمەس. بىر قانچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مېھماندارچىلىقتىكى قائىدە ـ يوسۇنلارغا خىلاپلىق قىلىشنى تېما قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، بۇ يەردە قەشقەر تەۋەسىدە بولغان مۇنداق بىر «ھەقىقىي يۈز بەرگەن ۋەقە» مىسالغا ئېلىنىدۇ. بىر موللا تالىپلىرىنى ئېلىپ قوغۇن يېيىش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىغا بېرىپتۇ. مېھماندارچىلىقتىكى قائىدە ـ يوسۇنلارغا بويسۇنۇش ئۈچۈن ساھىبخان ئۇلارنى قوغۇنلۇقىغا باشلاپ بېرىپتۇ، بىراق، ئۇلارغا تەمسىز قوغۇنلارنى بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن موللا، قوغۇنچى مېھمانلارغا تاماق قىلىشقا ئۆيىگە كەتكەندە قوغۇنچىنىڭ ئاچكۆزلىكى ۋە تويماسلىقىنى پاش قىلىپ بىر نەزمە يېزىپ ئېتىزلىقتا ئېسىپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن باشقا موللىلار ئېتىزلىققا كېلىپ بۇ نەزمىنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ھەمدە قوغۇنچىغا تەربىيە قىلىپتۇ. بۇ توغرىدا سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىپ كېتىپتۇ. قوغۇنچى بىر كۈنى بازارغا بارغاندا تالىپلار ۋە كىچىك باللارنىڭ مەسخىرىسىگە قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ قوغۇنچى كىشىلەرنىڭ مازاق قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرىدا قوغۇنچى بىر قوي، بىر داستىخان ناننى كۆتۈرۈپ موللىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، موللىدىن ئوچۇق ـ ئاشكارا كەچۈرۈم سورىغاندىن كېيىن، بۇ ئىش بېسىلىپ قاپتۇ[20] .

يۇقىرىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىق ھەرگىز سوتقا تارتىلمايدۇ، مېھماندوست بولماسلىق دۆلەت قانۇنى ۋە شەرىئەت قانۇنلىرىغا خىلاپ كەلمىگەن بىلەن ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنلىرىغا خىلاپ ھېسابلىنىدۇ. سېخىي بولماسلىق ئادەتتە سىرلىق كۈچلەرنىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بىر موللا پىشقان قوغۇننى بىر تىلەمچىگە بەرمەپتۇ. بۇ تىلەمچى ئەسلى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەن[21] . ئۇتتۇرا دېڭىز رايونلىرىدىكى ۋە باشقا رايونلار يەنى ئىسلام دىنى رايونى بولغان شىنجاڭدا يوچۇن كىشىلەر كۆپىنچە تىلەمچى بولىدۇ. مەيلى تىلەمچى بولسۇن ياكى يات كىشى بولسۇن كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش مەجبۇرىيىتى بار، شۇڭا يات كىشى كۆپىنچە تىلەمچى ئوبرازىدا مەيدانغا چىقىدۇ. گرېك جەمئىيىتىدىكى ئىلاھلار ياكى شىنجاڭدىكى خىزىر ئەلەيھىسسالامدەك سىرلىق كۈچلەرنىڭ غەيرىي كىشى ياكى تىلەمچى قىياپىتىدە پەيدا بولۇشى كىشىلەردە «مېھماندوستلۇق بىر خىل ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت» دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرگەن[22] .

بەزى مېھماندارچىلىقلار ئېنىقكى، ئىجتىمائىي پەرقلەردىن قۇرۇلىدۇ. قەشقەردە باي، تۇرمۇشى ياخشى ئائىلىلەر ئۆي سالغان بولسا، ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئىشلەمچىلەر ۋە لايچىلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپ، ئۇلارغا سوۋغا سۈپىتىدە كىيىم بېرىدۇ. ئورنى تۆۋەن كىشىلەرگە ئۆيۈشتۈرۇلغان بۇ زىياپەتتە ئۆي سالغانلار ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ، يېڭى ئۆيىنى قۇتلۇقلايدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتىكى تەبرىكلەشتە يېڭى ئۆي ئىگىسى دوست ـ بۇرادەرلىرىنى، قولۇم ـ قوشنىلىرىنى چاقىرىدۇ. مېھمانلار كىگىز، چىنە ـ قاچا ۋە باشقا جابدۇقلارنى، شۇنداقلا چاي، گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سوۋغا قىلىپ يېڭى ئۆيىنى قۇتلۇقلايدۇ[23] . بۇ مۇراسىمنىڭ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئۆتكۈزۈلۈشى بىزگە يەرلىكتىكى مېھماندارچىلىقنىڭ بىرى بۇرۇندىن بار بولغان جامائەتچىلىكنى مۇستەھكەملەش، يەنە بىرى ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولغان كىشىلەرنى ۋاقىتلىق ئۆز توپىغا قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت پەرقلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن ئۇيغۇرلاردىكى مېھماندارچىلىقنىڭ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش بىلەن باشقىلارنى ئويلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پرىنسىپ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مېھماندوستلۇق بىر خىل سېخىيلىق، مەردلىك دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. بىراق، مېھماندارچىلىقتا چىقىمنى تۆلەش ياكى سوۋغىلار شەكلىدە ئۆزئارا بىۋاستە مەنپەئەتلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدىكى مېھماندارچىلىق ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى مەن يەرلىك يازغۇچىلار، يەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەللىك زىيارەتچىلەرنىڭ ئىسپاتلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتىم. مېھماندارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ دۆلەت قانۇنى ۋە دىنىي قانۇندىن ئىبارەت بۇ ئىككى ساھەدىن باشقا يەنە ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنلىرىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردىم. مېھماندارچىلىقتىكى قائىدە ـ يوسۇنلارنى بۇزۇش جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى مۇرەككەپ بولۇپ، باشقىلارنى ئويلاش، ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش قاتارلىق مەنىلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مەنىلەرگە ئىگە. جامائەت ئىشلىرىنىڭ جامائەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە مۇھىم رولى بار. تارىخىي خاتىرىلەردىن ئېلىنغان نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى ھازىرقى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئاسانلا تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئەمما، يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش ئارقىلىق ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن مېھماندارچىلىقتىكى قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن.

ئىزاھلار:

1 Pitt-Rivers 1977: 96.

2 Jarring 1948: 55-56.

3 That hospitality plays a similarly significant role elsewhere in modern post-socialist Central Asia is shown by Doi 2002: 7-8.

4 Forsyth 1875: 89.

5 Prov. 464.15V, 36R.

6 For commonly used politeness formulae see also Prov. 464 24, 25, Prov. 464.25V.

7 Prov. 207.I.39; Prov. 212:70, Grenard 1898: 107, 142-3.

8 Prov. 212.49-60.

9 Prov. 464.25R.

10 Prov. 464.35R.

11 Pantusov 1909: 71-2, 100.

12 *Kim çapanni yeñi kiysä, padişahnïñ oğli şu,*
*Kim çapanni köhnä kiysä, tamni tüşkän oğri şu.* (Prov. 464.25V.)

13 Prov. 212: 50-54.

14 Jarring 1986: 19.

15 Grenard 1898: 143.

16 Jarring 1986: 22. It is likely that during times of food and cash shortage such donations ceased, and in the 1990s most guests in southern Xinjiang received food donations.

17 Grenard 1898: 141.

18 Jarring 1951: 41-4

19 Grenard 1898: 142.

20 Raquette 1909: 6-7.

21 Raquette 1909: 10-2.

22 Pitt-Rivers 1977: 99-100.

23 Prov. 207.II.20.

پايدىلانغان مەنبەلەر:


*a. Manuscript sources, Lund University Library, Jarring Collection:*

Prov. 207. I. [*A collection of essays on life in Eastern Turkestan*] by Muhammad Ali Damolla, Kashgar, 1905-1910, 117p. (Turki).

Prov. 207. II. [*A collection of essays on life in Eastern Turkestan*] by Abul Wahid Axun, Kashgar, 1905-1910, 52p. (Turki).

Prov. 212. [*A collection of essays on the habits and customs of Eastern Turkestan*] compiled by Dr. Nur Luke of Khotan, probably 1950s in Poonah, India, 137p. (Turki).

Prov. 464. [*A collection of Eastern Turki folkloristic texts*] Lund University Library, Yarkand, cca. 1930. 49p. (Turki).

b. *Published works:*

Doi, Mary Masayo 2002. *Gesture, gender, nation. Dance and social change in Uzbekistan*. Westport, Connecticut: Bergin & Garvey.

Forsyth, Thomas D. et al. 1875. Report of a mission to Yarkund in 1873, under command of Sir T.D.Forsyth...with Historical and Geographical Information regarding the Possessions of the Ameer of Yarkund. Calcutta: Foreign Department Press.

Grenard, Ferdinand 1898. Le Turkestan et le Tibet: étude ethnographique et *sociologique* (J.-L. Dutreuil de Rhins: Mission Scientifique dans la Haute Asie 1890-1895. Deuxiéme partie) Paris: Ernest Leroux.

Jarring, Gunnar *1946-1951. Materials to the knowledge of Eastern Turki. Tales, poetry, proverbs, riddles, ethnological and historical texts from the southern parts of Eastern Turkestan.*

1948. II. 'Texts from Kashghar, Tashmaliq and Kucha' in *Lunds Universitets Ärsskrift* N.F. Avd.1. 44(7).

1951. IV. 'Ethnological and historical texts from Guma' in *Lunds Universitets Ärsskrift* N.F. Avd.1. 47(4)


-----1986. *Return to Kashgar. Central Asian memoirs in the present*. Transl. From the Swedish by Eva Claeson. Durham: N.C.: Duke University Press.

Pantusov, Nikolai N. 1900. *Materialy k" izucheniyu narechiya taranchei iliiskago okruga*. V. *Molitvy i zagovory taranchinskikh" bakshei*. (Taranchinskii tekst", napev" bakshei, akademicheskaya transkriptsiya i russkii perevod"). Kazan': Tipo-Litografiya Imperatorskago Universiteta.

Pitt- Rivers, Julian 1977. 'The law of hospitality' in Julian Pitt-Rivers: *The fate of Shechem or the politics of sex. Essays in the anthropology of the Mediterranean*. Cambridge: Cambridge University Press, 94-112.

Raquette, Gustaf 1909. A contribution to the existing knowledge of the Eastern Turkestan dialect as it is spoken and written at the present time in the districts of Yarkand and Kashghar. Helsingfors: Société Finno-Ougrienne.


بۇسارەم ئىمىن تەرجىمىسى
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇت 2004 ـ يىللىق فولك- لور كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# ۋىجدان پىرىغى

**نۇرئەلى قابۇل** (ئۆزبېكىستان)

*نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: مۇرات ھەمرايېۋ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ياشىغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىلا ئەمەس، دۇنيا مىقياسىدىمۇ تونۇلغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرى، ئىلمىي ۋىجدانىي نۇقتىدىن چۈشىنىدىغان ھەرقانداق ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن يۇقىرى باھالانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئالىم ئىچى تار، ھەسەتخور بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ناھەق ئەيىبلەشلىرى بىلەن ئاز بولمىغان ئاچچىق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان.*

*ئاتاقلىق ئۆزبېك يازغۇچىسى نۇرئەلى قابۇلنىڭ ئۇشبۇ ماقالىسىدە مۇرات ھەمرايېۋ دۇچار بولغان ئاشۇ قىسمەتلەر ھەققىدە ھالاللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ، ئالىمنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىنسانىي پەزىلەتلىرىگە خالىس باھا بېرىلگەن. گەرچە ماقالىنىڭ يېزىلغىنىغا 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، مۇرات ھەمرايېۋنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش روھى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى چۈشىنىشتە يەنىلا ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.*

*«ئۇ ھەقتە سوۋېت ۋە جاھان مەتبۇئاتلىرى يېزىشماقتا، تۈرلۈك مەملىكەتلەرنىڭ يىرىك شەرقشۇناسلىرى ئۇنىڭغا تەن بېرىپ، يۇكسەك ئېھتىرام بىلەن مەكتۇپلار يوللاشماقتا. ھازىر ئۇ 38 ياشتا. شۇنداقتىمۇ ئۇ 20دىن ئارتۇق كىتاب، كۆپلەپ ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ مۇئەللىپى ۋە دەۋرىمىزنىڭ ئاتاقلىق تۈركشۇناسى سۈپىتىدە يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە».*

*«پراۋدا» گېزىتى، 1976 ـ يىلى، 18 ـ ئىيۇل.*

*«ئۇ چەككەن ئىزتىراپنى ئۆلچەپ بولارمىكىن؟ بۇ روھىي ئازابلارنى يېڭىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇ سەرپلىگەن كۈچ ـ قۇۋۋەتنى تولدۇرۇپ بولارمىكىن؟»*

*«كومسومولسكايا پراۋدا» گېزىتى، 1970 ـ يىلى، 16 ـ ئاۋغۇست.*

گويا ھەممە نەرسە ئورنىغا چۈشۈپ ھەقىقەت تەنتەنە قىلغاندەك ئىدى. بىراق مۇرات كەرىموۋىچ ھەمرايېۋنىڭ دەز كەتكەن يۈرىكى قان توسۇلۇپ قېلىش كېسەللىكىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى...

ئۇنى پەندىكى ئەڭ ئېغىر جىنايەت كۆچۈرمىچىلىكتە ئەيىبلەشكەن ئىدى. ئۇنى يامان ئاتلىققا چىقىرىش ئۈچۈن قارا كۈچلەر ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتىشمىدى. جۇمھۇرىيەت گېزىتىدە بېسىلغان «تۆگىنى قۇيرۇقىغىچە يۇتۇپ...» سەرلەۋھىلىك فېلىيەتوندا مۇرات ھەمرايېۋنىڭ «تۈركىي شېئىرىيەت ئاساسلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ باشتىن ـ ئاياغ كۆچۈرۈپ يېزىلغانلىقى «پاش» قىلىندى. ماقالە يۈزىسىدىن تۈزۈلگەن مەخسۇس كومىسسىيە، فېلىيەتوندا قەيت قىلىنغان «پاكىتلارنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىدى»، «ئەمدى دەردىڭنى خۇداغا بېرىپ ئېيت» دېدى يېشى 60لار ئەتراپىدىكى بىر تونۇش دوكتور مۇرات ھەمرايېۋنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

جۇمھۇرىيەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بيۇروسى ئۆزىنىڭ مەخسۇس مەجلىسىدە يۇقىرىدىكى كومىسسىيىنىڭ ئىشىنى قاراپ چىقىپ، «كۆچۈرمىچىلىك قىلىپ، قوپال خاتاغا يول قويغان كىشى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى دېگەن يۈكسەك ئۇنۋانغا لايىق ئەمەس» دېگەن قارارغا كەلدى، كېيىن مەزكۇر بيۇرو ئالىي ئۇنۋان كومىسسىيىسىگە مۇرات ھەمرايېۋنىڭ دوكتورلۇق ئىشىنى قايتا كۆرۈپ چىقىشنى سوراپ خەت يازدى. خەتنىڭ بىر نۇسخىسى «تېگىشلىك چارىلەر كۆرۈش ئۈچۈن» پەنلەر ئاكادېمىيىسى پرېزىدېنتىنىڭ ئىش ئۈستىلىگە قويۇلدى.

نېمىشقىدۇر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى بۇ خەتكە ئېتىبار بەرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر ئايلار چامىسى بۇرۇن موسكۋاغا مۇرات ھەمرايېۋ ھەققىدە ئەجابىي باھا يازغان ئادەم ئۆزى باشلىغان خەيرلىك ئىشنىڭ بۇ قەدەر تەتۈرگە ئايلىنىپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. خەتنىڭ پرېزىدېنتنىڭ ئۈستىلىدە تۇرۇپ قالغانلىقىدىن بىئارام بولغان «جان كۆيەر كىشىلەر» موسكۋاغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا تېلېگرامما يوللاشتى: «مۇرات ھەمرايېۋنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى كاتتا ئادەملەر تۇرۇپتۇ. ئېھتىيات قىلىنمىسا، كۆچۈرمىچى سۇدىن قۇرۇق چىقىپ كېتىدۇ...».

مۇرات ھەمرايېۋنىڭ ئۆمرىگە زاۋال، ھاياتىغا ئىكەك بولغان تەشۋىش ۋە تەھلىكىلەر ئەنە شۇ تەرىقىدە باشلاندى. ئۇ ئارقىمۇ ئارقا يۇقىرى تەشكىلاتلار ۋە قەغەزۋازلارنىڭ نامىغا چۈشەندۈرۈش خەتلىرى يازاتتى، ھاقارەتلىك ۋە ساۋاتسىزلارچە بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرەتتى. پەن ساھەسىدىن يىراق كىشىلەر ئۇنىڭغا توغرىلىق، ھالاللىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى گەپ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ كاندىدات دوكتورلۇق ماقالىسىنى كۆزىدىن كەچۈرۈپ بېرىشنى سورىدى. بۇنداق ئەسەبىي ۋەزىيەتكە چىداش، ناپاكلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن بىر ئەمەس، ئونلاپ مۇرات ھەمرايېۋ كېرەكلىكىنى ئۇ كېيىن، كېيىنرەك چۈشەندى...

بېشىغا مالامەت تاشلىرى يىقىلىپ، ئۆزگىلەرنىڭ نەزەرىدە ناباپ شەخسكە ئايلانغان، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇدۇك ۋە نەپرەت بىلەن قاراپ يۈرگەن ئەنە شۇنداق ئېغىر شارائىتتا ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ سۈكۈت ساقلاۋاتقانلار ۋە ئىغۋاگەرلەرگە نىسبەتەن مۇرات ھەمرايېۋ مېھنەت بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۇنىڭدا رەقىبلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ باشقا ۋاستىسىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق شارائىتتا ئۇ قايتا ـ قايتا يېزىلغان «چۈشەندۈرۈش خەتلىرى»دىن تاشقىرى ئىككى ئوقۇش قوللانمىسى، ئىككى ئىلمىي كىتاب ۋە 30 دىن ئارتۇق ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەخسۇس تەلىم ۋەزىرلىكىنىڭ ئالىي كومىسسىيىسى ئارخىپىدا 162031 رەقەملىك دېلو ساقلانماقتا. خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئارخىپتا بۇنداق زور دېلولار كەمدىن كەم ئۇچرايدىكەن. بۇ مۇرات ھەمرايېۋغا فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئىلمىي ئۇنۋانىنى بېرىش ھەققىدىكى دېلودۇر. قېلىن يوپكىدىن كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلىمىغان خەتلەرنى تېپىشىڭىز مۇمكىن. مەسىلەن، سان ـ ساناقسىز باھالار، چۈشەندۈرۈش خەتلىرى، خۇلاسىلەر، تېلېگرامما قاتارلىقلار. ئۇلارغا قاراپ يۈرىكىڭىز ئېزىلىپ كېتىدۇ. تاسادىپىي ۋۇجۇدىڭىزنى بىر تۇيغۇ قاپلايدۇ. ئەجەبا جەمئىيىتىمىز راۋاجلانغان، ئادەملەرنىڭ ئېڭى يۈكسەلگەن بىر كۈنلەردە مېھنەتكەش، تالانتلىق كىشىنى شۇنچىلىك خورلاش مۇمكىنمۇ؟ ئەجەبا بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار تەشكىلاتلار ۋە مەسئۇل كىشىلەر تاماشىبىنلىق قىلىپ ئولتۇرۇۋېرەمدۇ؟

مۇرات ھەمرايېۋنىڭ پەن ـ تەتقىقات ساھەسىدە ئۆز ئىزىغا چۈشۈۋېلىشى ئېغىر، تولىمۇ ئېغىر كەچتى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەممەيلەننى بىردەك خۇشال قىلمىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، تېخى ئېغىزىدىن ئانا سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن بۇ دوكتورنىڭ قەتئىي ۋە چوڭقۇر ئىزدىنىشلىرى، كەشپىياتى، پەن ـ تەتقىقات ساھەسىدە سالپىيىشىپ يۈرىدىغان كونسېرۋاتىپلار ۋە ئەزىمە رەسمىيەتچىلەرنىڭ (بۇنداقلار ھەر بىر ساھەدە ئىزدەنگەنچە تېپىلىدۇ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە) يەلكىسىنى باستى. خۇددى شۇ پەيتتە، يەنى 1968 ـ يىلى قازاقىستان دۆلەت دارىلفۇنۇنىنىڭ ياش ئالىملار ئىتتىپاقى مۇرات ھەمرايېۋنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىقتىكى ئىشلىرىنى لېنىن كومسومول مۇكاپاتىغا تەۋسىيە قىلدى. مۇكاپات كومىتېتىغا ياش ئالىمنىڭ ئىشىغا يۈكسەك باھا بېرىلگەن خەتلەر يېغىشقا باشلىدى. بىراق بارلىق تۈردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن ئالىمنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسى مۇكاپاتقا سازاۋەر بولغانلار تىزىملىكىدىن پەۋقۇلئاددە ھالدا چۈشۈپ قالدى.

گەپ پەقەت مۇكاپاتتا ئەمەس. كېيىن مۇرات ھەمرايېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى پېداگوگىكا پەنلىرى ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى قىلىپ سايلاندى. لېنىن كومسومولى مۇكاپاتىغىمۇ سازاۋەر بولدى. دۇنيا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە يىغىنلاردا ماقالە ئوقۇپ، ئالاھىدە باھالارغا ئېرىشتى. قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىكى يىرىك ئىلمىي پېداگوگىك مەركەزلەرنى باشقۇردى. ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇشىنسكىي مۇكاپاتى بېرىلدى. پەقەت ۋاپاتىدىن كېيىن...

شېكسپىر ئېيتقاندەك ھالال ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ھاقارەت ـ ناپاكلىقتا گۇمان قىلىنىشتۇر. بۇ ئازاب ۋە تۆھمەتلەرگە ئۇنىڭ يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئېزگۈ ئىش ئاسانلىقچە يول تاپالمىدى. دوستىيېۋسكىي تەكىتلىگىنىدەك، ئادەملەر بىر ياخشى ئىشقا جەزم قىلىشتىن، بىرەر يېڭى گەپ ئېيتىشتىن ناھايىتى قورقىدۇ. بىرەر ئىختىرانى يارىتىپ، ئۆزى ئىشلەيدىغان ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى ياكى باشقا بىر نامدار (نامى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق) ئالىمنىڭ ئىسمىنى قوشمىغانلىقى ئۈچۈن ياكى بىرەر بىر رەھبەرنىڭ شەخسەن يامان كۆرۈشى تۈپەيلى ئىشى يۈرۈشمەيۋاتقان تالانتلىق ئالىملارنىڭ يوقلۇقىغا كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ كاتتا ھەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، بىز ئاددىيغىنا ھەقىقەت تالانتلىق ئادەمنى تالانتلىق، لاياقەتسىز كىشىنى لاياقەتسىز دېيىشتىنمۇ ئۆلگۈدەك قورقىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزنى، جۈرئەتسىزلىكىمىزنى، ناقابىللىقىمىزنى، زىممىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىگە نامۇناسىپلىقىمىزنى نامايىش قىلىمىز. خەلق بۇنداقلاردىن ئاللىقاچان چارچىغان. بىزنىڭ ھەر بىر نامۇناسىپ ئىش ـ ھەرىكىتىمىز خەلق ئىنتىلىۋاتقان ئەڭ يۈكسەك غايىلەرگە بولغان ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ كېلەچەككە بولغان ئىشەنچىگە تەسىر يەتكۈزمەمدۇ؟

ــــۋىجدانىم ئالدىدا قىپقىزىلمەن،ــــدېگەنىدى سۆھبەتلىرىمىزنىڭ بىرىدە ئۆزبېك تەسۋىرىي سەنئەت ژانىرىنىڭ ئۇستىسى ئابدۇلھەق ئابدۇللايېۋ.

ئۆز ـ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەي ئازابلانغان دەقىقىلىرىمدە شۇ سۆزلەر پات ـ پات يادىمغا كېلىدۇ. ئىنسان ۋاقىتى ـ ۋاقتى بىلەن ئۆز ئۆتمۈشى، بەخت ۋە بەختسىزلىكىنى ۋىجدان ئەلگىكىدە تاسقاپ كۆرىدۇ (ھېچبولمىغاندا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە). خام سۈت ئەمگەن بەندىلىكىمىزگە تارتىپ، كۆپ ھاللاردا ھەقىقەتنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە كېچىكىپ، بىزدىن ئابىھايات ۋە پەرۋىش كۈتكەن دەرەخلەر قۇرۇپ ياكى كېسىلىپ كەتكەندىن كېيىن كۆزىمىز چۈشىدۇ. لېكىن شۇندىمۇ ۋىجدانىمىز ھۆكۈمى ئالدىدا جاۋابكار ئىكەنلىكىمىزنى ھەممىمىز ھېس قىلىۋەرمەيمىز. بىز ئۆزىمىزنى قارىغۇلارچە ئەنە شۇ جاۋابكارلىقتىن ئېلىپ قاچىمىز. بۇ ئازاب تۈيغۇسىنىڭ ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىغىچە بىزنى تەقىپ قىلىشىدىن قورقىمىز.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتى، ئاتاقلىق ئالىم مۇرات ھەمرايېۋنى ئەسلىگىنىمدە ئەنە شۇ پىكىرلەر مېنى قىيناشقا باشلايدۇ. ئۇ نەۋقىران 45 يېشىدا ئارىمىزدىن كەتتى. لېكىن ئۇ ئەنە شۇ قىسقا ئۆمرىدە ناھايىتى كاتتا غەيرەت ۋە چىدام بىلەن مېھنەت قىلدى. ئۆز ئىجادى بىلەن پۈتكۈل تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن، ئۇيغۇر

ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىگە ھەيكەل قويۇپ كەتتى. سوۋېت ۋە جاھان مەتبۇئاتى سەھىپىلىرىدە ئۇنىڭ ئورنى لېرمونتوۋ، گايدار، شولوخوف، بۈيۈك ماتېماتىك گالۇئا بىلەن قىياسلاندى.

ئۇنىڭ ھەيكىلىگە تىكىلگىنىمدە ھەر دائىم ۋۇجۇدۇمنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر تۇيغۇ قاپلايدۇ. ئىختىيارسىز، جاسارەت، ئۆزلۈكىگە ساداقەت، ھالاللىق ۋە كەمتەرلىك ئۆلمەيدۇ، دەپ تەكرارلايمەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ شەخسىيىتىدىكى ئاددىيلىق ۋە كەمتەرلىك ئەكس ئەتكەن ھەيكەل گوياكى ھېچنەرسە بولمىغاندەك، قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك مەشرىققە تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەرنى ھەر قانداق ۋەزىيەتتە چۈشىنىشنى بىلىش ۋە چۈشىنىشنى ئىزدەش ئۇنىڭدىكى ئالىملىق ۋە پازىللىق تالانتىغا غايەت ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشالمىغانلىقىمغا، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدە يېنىدا بولۇپ، قېنىپ ـ قېنىپ سۆھبەتلىشەلمىگەنلىكىمگە بەكلا ئەپسۇسلىنىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھايات كۆزۈمگە گاھىدا ئارمان ۋە ئەپسۇسلاردىن بىنا بولغان بۈيۈك مۇنارغا ئوخشاپ كۆرۈنىدۇ.

بىز دوختۇرخانىدا تونۇشقانىدۇق. ئۇ ئېغىر دەرىجىدە قان توسۇلۇش كېسىلىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تورۇسقا تەلمۈرۈپ ياتاتتى. شۇنداق نەۋقىران ۋە خۇش پېئىل كىشىنىڭ قان توسۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنى مېنى ھەيرەتكە سالغانىدى. بىمارنى چارچاتماسلىقتا ھەرىكەت قىلىپ، كەمدىن ـ كەم سۆھبەتلىشەتتۇق. مۇرات ھەمرايېۋ ئۇنىڭ بىتەكرار ھېكايىلىرى، غايەت چوڭقۇر پىكىر قىلىشى مېنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا باشلايتتى.

كىشىنىڭ كېلەچىكىنى ئۇنىڭ بالىلىقى بەلگىلەيدۇ، دېيىشىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا نامى قالغان ئەللامىلەر بالىلىق دەۋرىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن. مۇرات ھەمرايېۋ 12 يېشىدىلا تۈزۈك شېئىرلارنى يازغان، بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغانلار ھەيرەتكە چۈشكەنىدى. ئۇلۇغ تۈرك شائىرى نازىم ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھاياجانلىنىپ مەكتۇپ يازغانىدى. ئايتماتوف تېخنىكومدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا تۈپراقشۇناسلىق ھەققىدىكى كىتابلاردىن تارتىپ تولستوينىڭ كىتابلىرىغىچە ئوقۇپ چىققىنىدەك، مۇراتتىكى ھەممە نەرسىگە بولغان قىزىقىش، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا ھۇشيارلىق، ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۇنى تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە ۋە مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا، ئېنىقراقى ئۈچىنچى كۇرستىكى ۋاقتىدىلا كاندىدات دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ دەسلەپكى ۋارىيانتىنى يېزىپ پۈتكۈزگەنىدى. 25 يېشىدا رەسمىي رەۋىشتە كاندىدات دوكتور، 28 يېشىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلىدى. ئۇنىڭ «تۈركىي شېئىرىيەت ئاساسلىرى»ناملىق ئەسىرى شەرقشۇناسلىق ۋە دۇنيا تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە ۋە مىللەتلەر تەتقىقاتى ساھەسىدە ئاجايىپ ۋەقە سۈپىتىدە قەيت قىلىندى. ئەسەرگە مەشھۇر ئاكادېمىك ۋ.م.جىرمۇنسكىي سۆز بېشى يازغانىدى..

بۇ كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقاتتا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، قاراقالپاق، خاكاس، تۇۋا، تاتار، باشقىرت ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىدە قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق ۋە باشقا ئۆلچەملەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرى سېلىشتۇرما شەكىلدە تۇنجى قېتىم تەھلىل قىلىندى. تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە مىسرا تۈزۈلۈشىگە ئائىت ئومۇمىي نەزەرىيىۋى خۇلاسىلەردىن تاشقىرى تۈركىي خەلقلەر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە ئەرەب ـ پارس ۋەزنى بولمىش ئارۇزنىڭ تەسىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى—ماقال ـ تەمسىللەردىن تارتىپ، شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ رۇبائىي، غەزەل ۋە باشقا تۈرلىرى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىپ، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى خۇسۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ تەتقىقات ئۇيغۇر ۋە بارلىق تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆگىنىش ئىشىغا، ئومۇمەن شېئىرىيەتشۇناسلىقنىڭ بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىش ئىشىغا قوشۇلغان جىددىي ھەسسە، دەپ باھالاندى. مۇتەخەسسىسلەر بىر ئاۋازدىن ئېتىراپ قىلغىنىدەك، مۇرات ھەمرايېۋ شېئىرىيەتشۇناسلىقتا بىرىنچى بولۇپ، تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي مىقياسىدا ۋە ئەڭ ئۇششاق تەركىبلىرىگىچە

ئېچىپ بېرىشكە مۇۋەپپەق بولغانىدى.

بوسپورۇس بوغىزىدىن ئالياسكىغىچە، ۋولگا بويلىرىدىن جۇڭگوغىچە بولغان يەرلەردە ياشاۋاتقان 30غا يېقىن تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتى مەنبەلىرىنى، ئۇنىڭ ئۇزاق شەكىللىنىش جەريانىنى ۋە بىر - بىرىگە ئۆزئارا تەسىرىنى ئۆگىنىپ چىقىش، مىلىك يىللار قەھرىگە چۆكۈشنى بىلىش، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ شېئىرىيىتىدىكى تەبىئىتىگە سىڭىشمەي ياتلىشىپ تۇرغان نەرسىلەردىن تارتىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي ۋە ئەلىشىر نەۋائى كەبى سۆز ئۇستىلىرى، خەلق لەپەرلىرى ۋە بېيىتلىرىنىڭ نامەلۇم ئىجادكارلىرى ئۇچۇن ئورتاق بولغان جەھەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مىڭلاپ ئىجادكارلارنىڭ ناملىرىنى، شېئىرىي مىسرالار ۋە ھۆججەتلەرنى تەھلىل مەنتىقىسىدىن ئۆتكۈزۈش—بۇ ھەقىقىي ئىلمىي جاسارەت، غايەت مۇشەققەتلىك ۋە شەرەپلىك مېھنەت ئىدى.

مۇرات ھەمرايېۋ تۈركىي شېئىرىيەتشۇناسلىقىدا مەلۇم بولغان پىكىرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، تۈركىي خەلقلىرى شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى كەشىپ قىلدى ۋە يېڭىچە قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. بىقىياس پاكىتلىق ماتېرىياللارغا تايانغان ھالدا تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدىكى ئىچكى يېقىنلىقنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەھمۇد قەشقەرى ۋە نەۋائى ئىجادىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق مىراسخورلىرى بولۇشىنى ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىسپاتلار ئاساسىدا ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ تۈرلۈك خەلقلەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق، ئومۇمىيلىق غايىسىنى، مىللەتلەرنىڭ بۇرادەرلىك غايىسىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ غايە زامانىۋى، گۇمانىستىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇ بۈيۈك شەخسلەرنى تالىشىشنى، تارىخنى تەقسىملىۋېلىشنى ئەسلا خالىمايدىغان، ئۆتمۈش دېگەندە پەقەت ئۆزئارا قىرغىنچىلىقلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئەسىرلەر داۋامىدا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن كۆۋرۈكلەرنى ھەم كۆرەلەيدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ روھىغا ۋە قەلبىگە غايەت يېقىن ئىدى.

مۇرات ھەمرايېۋ ئۆزىنىڭ قىسقا، بىراق مەزمۇنغا باي ئۆمرى داۋامىدا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇچۇن دەستۇر بولغان ئاددىي ئىنسانىي ھايات شارائىتلىرىغا ئەمەل قىلىپ ياشىدى. ئۆزى مۇلاقەتتە بولغان، ھايات يولىدا ئۇچرىغان كىشىلەردىن ھەم شۇنى تەلەپ قىلدى. ھەرقانداق كاتتا ئىشنىڭ تېگىدە غايەت ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك مېھنەتنىڭ بارلىقىنى بۇرۇنلا چۈشەنگەن مۇرات ھەمرايېۋ ستۇدېنتلىق ۋە ئاسپىرانتلىق چېغىدىلا ئارخىپ ۋە مۇزېيلاردىكى شەرق شېئىرىيىتىگە ئائىت دېيەرلىك بارلىق ئەدەبىيات ۋە قوليازمىلارنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇنىڭ شۇنداق خەيرلىك ئىشلىرىدىن بىرى پارىژ كۇتۇپخانىسىدىن تېپىپ، فوتو كوپىيە ۋاستىسىدە تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان زوھرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «رىسالەئىي ئەرۇز» ئەسىرىدۇر. بۇ، مۇرات ھەمرايېۋ ئۆگىنىپ ئېلان قىلدۇرغان ئونلاپ قوليازمىلارنىڭ بىرى، خالاس.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرى ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىش، قولىيازمىلار ئۈستىدە ئىشلەش، دەسلەپ ئانا تىلدا، كېيىن ئۆزى تەرجىمە قىلىپ رۇس تىلىدا ئېلان قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىشلىرىنى پەخىر بىلەن تەكىتلەش مۇمكىن. 20 نەپەر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان (بۇنىڭدىن 16سى تېخى دۇنياغا مەلۇم بولمىغان ئىجادكارلاردۇر) «ئەسىرلەر ساداسى» شېئىرىي ئانتولوگىيىسىنى نەشر قىلدۇرۇشقا باش بولدى. مىمارچىلىق يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى ئاجايىپ «مىڭئۆي» كىتابى يارىتىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «12 مۇقام»ى نەشرگە تەييارلاندى. ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى ۋە ھەزىل - چاقچاقلىرىنى توپلاش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا پەقەت ئاپىرىن ئوقۇش مۇمكىن. مۇنداقچە قارىغاندا، بىر ئادەمگە بۇ ئىشلار كۆپلۈك قىلىدۇ. بىراق خەلقىنىڭ تۈپ مەقسەت ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ھېس قىلالىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان ئېزگۈلۈك ئالدىدا سۈكۈت ساقلىيالمايدۇ.

ئالېكساندىر بلوك بىلەن ئۇچراشقان، ئۇ ھەقتە دەسلەپكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازغان ئاكادېمىك ۋ.م.جىرمۇنسكىي بىلەن تونۇشۇش مۇرات ھەمرايېۋ ھاياتى ۋە ئىجادىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. خەيرىيەتكى، دۇنيادا سېنى چۈشەنگۈچى، چۈشىنىشنى خالىغۇچى، ئالىيجانابلىققا ئالىيجانابلىق بىلەن، ئىنسانىي مەدەنىيەت بىلەن جاۋاب قايتۇرغۇچى

كىشىلەرمۇ بار. مۇرات ھەمرايېۋ تۇنجى قېتىم جىرمۇنسكىينىڭ قولىغا ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك پوئېزىيىسىدە قاپىيە» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئورىگىنالىنى سۇنغىنىدا، ئاتاقلىق ئالىم:

——يۇرتىڭىزغا بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، ئۆزۈم چاقىرىمەن——دەيدۇ. بىر ئايدىن كېيىن ئاكادېمىك جىرمۇنسكىي ئۇنى چاقىرىپ:

——لېنىنگرادتا سىز قىلىدىغان ئىش يوق——دەپ قولىغا ماقالىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

مۇرات ھەمرايېۋ «تۈگىدى، ھەممە ئىش تۈگىدى»، دەپ ئويلايدۇ ئۆزىچە بىئارام بولغان ھالدا. بىراق، ماقالە سېلىنغان كونۋېرتنى ئېچىپ كۆرۈپ، ئاكادېمىكنىڭ خېتىگە كۆزى چۈشىدۇ. خەتتە ئەسەرگە يۇكسەك باھا بېرىلىپ، مەزكۇر ئورىگىنالنىڭ ئۆزىلا ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغانىدى. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان «تۈركىي شېئىرىيەت ئاساسلىرى» ئەسىرى ئۇنىڭ نامىنى بىردىنلا دۇنيانىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شەرقشۇناسلىرى سېپىگە ئېلىپ چىقتى. دۇنيانىڭ تۈرلۈك يەرلىرىدىن ئۇنىڭ ئەمگىكىگە يۇكسەك باھا بېرىلگەن، ئۇنى تۆھمەتچى، ناپاكلار چاڭگىلىدىن خالاس قىلغۇچى خەتلەر كېلىشكە باشلىدى. ياش ئالىمنىڭ بۇ دەرىجىدىكى مۇكەممەل ئىزدىنىشلىرى ۋە پىكرىنىڭ كەڭلىكىدىن كۆپلەر ھەيرەتكە چۈشكەنىدىلەر.

«سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز ئاجايىپ ئىشتۇر. بۇ ئىشقا سىز قانچە يىل سەرپ قىلغانسىز، بىلمەيمەن. بىراق ئەمگىكىڭىز غايەت زور ئۇنۇم بەرگەن. ئەمەلىيلىكتە سىز ئۆز ئىشىڭىز بىلەن ھەقلىق رەۋىشتە پەخىرلىنىشىڭىز ئەرزىيدۇ، سەۋەبى ئەسەر سۆزسىز ھەممىنىڭ ئېتىبارىنى تارتماقتا. سەممىمىي تەبرىكلەيمەن.

يان رىپكا، ئاكادېمىك، چېخوسلوۋاكىيە».

«مونوگرافىيە تۈرك، جۈملىدىن ئۇيغۇر پوئېزىيىسى بويىچە مۇھىم ۋە چوڭقۇر تەتقىقات بولۇپ، غەربنىڭ تار ۋە قىسقا شەكلىدىن بىر مەرتە بولسىمۇ چىقىپ، شەرق پوئېزىيىسىگە مۇراجىئەت قىلماقچى بولغان ھەر بىر كىشىگە مۆلچەرلەنگەن...

‹نېمىس ئەدەبىياتى› ژۇرنىلى».

«مۇرات ھەمرايېۋنىڭ كىتابى ناھايىتى پايدىلىق نەشىردۇر. ئۇنىڭدىن تۈركىي شېئىرىيىتىگە قىزىققان ھەر بىر كىشى پايدىلانسا بولىدۇ.

‹شەرقشۇناسلىق شەرھى› ژۇرنىلى، پولشا».

ئاتاقلىق شۋېت تۈركولوگى گۇننار ياررىڭ (ئۇ بىر ۋاقىتلار شۋېتسىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەلچىسى بولغان) بىلەن ئۇزاق داۋام قىلغان خەت ئارقىلىق پىكىرلىشىش باشلاندى. ۋېنگرىيىلىك ئاكادېمىك يۇلئۇس نېمەت ئۆزىنىڭ قەلب سۆزلىرىنى ئىزھار قىلدى. گوللاندىيە ۋە باشقا ياۋروپا مەملىكەتلىرى ژۇرناللىرىدا بۇ مۇھىم تەتقىقات ھەققىدە ماقالىلەر بېسىلدى ۋە مۇنازىرىلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئالىملىرىمىزنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئۇنۇمسىزلىكىدىن، جەمئىيەتكە، ھاياتقا ۋە ئادەملەرگە نەپى تەگمەيۋاتقانلىقىدىن ۋايسايمىز. قابىلىيەتلىكلەرگە شۇبھە، گۇمان بىلەن قارايمىز، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئالدىرىمايمىز. ئىلاجىنى تاپساق ئۇلار قىلغان ئىشنى گويا ئۆزىمىز قىلىۋاتقاندەك يۇقىرىغا مەلۇمات يوللايمىز.

دەرۋەقە، ئالىملار ئىچىدە ھەم ھەقىقىي تالانتلىقلىرى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. كۆپ كۆرۈش، تىرىكچىلىك قىلىش، بالا—چاقىسىنى بېقىش ئۈچۈن دېسسېرتاتسىيە يازغان، يېزىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يازىدىغان «ئالىملار»نىڭ ئارىمىزدا خېلى كۆپلۈكىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ ئىلمىي ئۇنۋاننىڭ ئايرىم شەخسلەر ئۈچۈن مەنسەپنىڭ پەلەمپىيى ياكى ئەمەل كۆرسىدا ئۇزۇنراق ئولتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكى ياكى چوڭراق ۋەزىپىدىن بوشانغاندىن كېيىن مۇنداقراق بىرەر ۋەزىپىنىڭ بېشىنى تۇتۇۋېلىشقا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى تەن ئالماي ئىلاجىمىز يوق.

مۇرات ھەمرايېۋنىڭ پائالىيىتى مۇھىم تېمىلارغا ۋە مەڭگۈلۈككە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ شۇ پەيتكىچە ھېچكىم قول

سىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان پەندىكى بوزلارنى ئۆزلەشتۈردى. ئۇ ئۇندىن ئارتۇق تۈركىي تىللار تۈركۈمگە تەۋە مىل-لەتلەرنىڭ تىلىنى بىلەتتى ۋە شۇ ئاساستا ئوتتۇزدىن ئارتۇق تىل بايلىقى بولغان تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەپ تېپىپ، بىزگە چۈشىنەرلىك، ئىلمىي تىلدا يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى. ئوقۇش، ئۆگىنىش، ھەرقانداق سۆھبەتداش بىلەن تەڭ پىكىرلىشىش، ھەممىگە باراۋەرلىك، ئۆزگىلەرنىڭ سەممىي تۇيغۇلىرىغا يەنىمۇ يۈكسەكرەك ئېزگۇ ھېسلار بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، ئىلمىي ئىشلاردا «قولى قىسقىلار»غا ياردەملىشىش ۋە باغرى كەڭلىك ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەت، كۈندىلىك ھايات تەرزى ئىدى. ئۇ قايتا - قايتا ئاغرىغاندىمۇ، ئايلاپ دوختۇرخانىنىڭ تورۇسىغا تىكىلىپ ياتقاندىمۇ ھۇزۇرىغا مەسلىھەت ۋە ياردەم ئىزدەپ كەلگەنلەرنى نائۈمىد قايتۇرماس، دوختۇرلار ۋە ساداقەتلىك ئۆمۈر يولدىشى، ئاجايىپ ئىنسان گۈلنىسادىن يوشۇرۇن ئۇلارنى قوبۇل قىلار، قولىدىن كەلگەن ياردىمىنى ئايىماس ئىدى. ئۇ قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن ئادەملەرسىز، ئادەملەرنىڭ مېھرىسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلى-رىغىچە كىشىلەر ئارىسىدا بولۇشنى ۋە ئۇلار ئارىسىدا جان بېرىشنى ئىزدەيتتى. بىزنىڭ بەختىمىز ۋە بەختسىزلىكىمىزگە دەل شۇنداق بولدى.

بىئىختىيار كۆز ئالدىمدىن ئۇنىڭ ماڭارىپ مىنىستىرىدىن خاپا بولۇپ، ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئۆزبېكىستان پېداگوگىكا پەنلىرى ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى پائالىيىتىگە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماي يۈرگەنلىرى ئۆتتىدۇ. بىز ئۆزىمىز سېزىپ - سەزمەي ئۇنىڭغا ئازار بەردۇق. ئۆزىمىز ئۇنى ئارىمىزدىن ئىتتىردۇق.

بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىشكە، بىر - بىرىمىزگە غەرەزسىز كۆڭۈل بېرىشكە، بىر - بىرىمىزنىڭ دەردىگە مەلھەم بولۇشقا دائىم تەييارمىزمۇ؟ مىننەتسىز ياردەم، تالانتلىقلارنى بايقاش ئۇياقتا تۇرسۇن، خەلق سۆيۈپ، ئېتىراپ قىلىپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ تۇرغان تالانتلىقلارنى تەن ئېلىش، ئۇنىڭغا تالانتى ۋە ئىمكانىيىتى دەرىجىسىدە مۇناسىۋەتتە بولۇش، ياردەم بەرمىسەكمۇ، ئۇنى بىئارام قىلماسلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىزمۇ؟

رۇس تىلى چىڭغىز ئايتماتوف ئىجادىنى پەقەت تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى بولمىش قىرغىز خەلقىنىڭ ئەمەس، دۇنيا-نىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇردى. شۇنداقتىمۇ بەربىر توغرا گەپنى ئېيتىش كېرەك، ئايتماتوف ئۆز خەلقىنىڭ دەرىجىسىدىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئۆز گېپىنى ئېيتىش ئۈچۈن جاھاندا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر تىل كېرەك ئىدى. ھېچكىم، ھەرقانداق كاتتا يازغۇچىمۇ ئايتماتوف ئەسەرلىرىنى ئۇ ئۆزى رۇس تىلىدا يازغانچىلىك دەرىجىدە تەرجىمە قىلالماس ئىدى. ئايتماتوف بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئايتماتوفنى ئۆز ۋاقتىدا قوللاپ - قۇۋۋەتلىمىگەن كىشىلەر كېيىنمۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ھازىرمۇ قويۇپ بەرسىڭىز ئايتماتوفقا لاي سۇۋايدىغانلار خېلى كۆپ تېپىلىدۇ. ئۆزبېكىستان خەلق يازغۇچىسى دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بىر كىشى، ئايتماتوفقا سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى ئۇنۋانى بېرىلگەندە ماڭا: «شۇ ئايتماتوفنىڭ بىزدىن نېمىسى ئارتۇق؟ نېمىشقا ئۇنى بۇنچە كۆتۈرۈشۈپ كېتىدىغاندۇ؟» دېگىنىدە ھەيران بولغىنىمدىن قېتىپ قالغانىدىم. خەلق يازغۇچىسى ئايتماتوفنىڭ كىملىكىنى بىلمىسە... ئاخىر گوركى ئېيتقاندەك، بۇ دۇنيانىڭ بۈيۈك كىشىلىرى ئارىسىدا يالغان ياكى بۆھتان چاپلانمىغان بىرەر ئادەم تېپى-لارمىكىن؟...


ئاجايىپ ئىنسان، ئالىم مۇرات ھەمرايېۋ كۆپرەك ياشىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ پەنگە، خەلققە كېرەك ئىدى. بىراق ئەمدى ئۇ جىسمانەن يوق... ئۇ ئالىم سۈپىتىدە بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج ئەمەس ئىدى. ئۇ پەندە ئەلۋەتتە ئۆز سۆزىنى ئېيتاتتى ۋە ئۆزۈپ چىقاتتى. بىراق بىزنىڭ مېھرىمىزگە، ئېتىبارىمىزغا موھتاج ئىدى. ئەمما بىز، مېھر، ئېتىبار كۆرسىتىش، خەيرىخاھ بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى چۈشىنىشنىمۇ ئىزدىمىدۇق. يېنىمىزدا ئۇلۇغ ئىنسان ۋە تا-لانتلىق ئالىمنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆرمەسلىككە، بىلىپ بىلمەسلىككە سالدۇق. جاھىللىق ئۆز رولىنى كۆرسەتتى...

ئۇنىڭ مېھنىتى ئۆرنەك بولغىنىدەك، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرى بىزگە ساۋاق بولمىقى كېرەك. ئۇنىڭ روھى شۇنداق دەۋاتقاندەك: «ئادەملەر، بىر - بىرىڭلارغا ناھەق ئازار بەرمەڭلار! ھەقىقەتنىڭ كۆزى كور، قۇلىقى گاس دەپ ئويلىماڭلار! قەلبىڭلاردا ۋىجدان چىرىغى يېنىپ تۇرغان بولسا، ئۇ ھېچقاچان ئۆچمىسۇن!»

ئاپتورنىڭ «ۋەتەندىن ياخشى يار بولماس» ناملىق كىتابىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەزىزى

# مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى



(ئەۋلىيا، قۇتقۇزغۇچى ۋە پەيغەمبەرلەر)

**داۋىد لىمىڭ، ئېدۋىن بېلدا** (ئامېرىكا)

قەھرىمانغا چوقۇنۇش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە
ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ
ئۆزىگە يات ھەم توقۇنۇش بىلەن تولغان دۇنيادا مەۋ-
جۇت بولالىشىنىڭ سەۋەبى، مەشھۇر قەھرىمانلارنىڭ
باتۇرلۇقى ۋە پاراستىگە تايانغانلىقىدا، بۇنى ئۇلار ئال-
لىقاچان تونۇپ يېتىشكەن. شۇنداق قىلىپ ھەرقايسى
قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھۆرمەتلەيدىغان بىر يۈرۈش مە-
دەنىيەت قەھرىمانلىرى بولغان، ئۇلار ھېكايە، ئۇسسۇل
ۋە ناخشىلىرىدا مۇشۇ شەخسلەرنىڭ قابىلىيىتى ھەم با-
تۇرلۇقىنى مەدھىيىلەشكەن. بۇ مەدەنىيەت بىرقەدەر پې-
شىپ يېتىلىپ، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بىر قەدەر مۇرەك-
كەپلەشكەندە، قەبىلىدىكى نۇرغۇن ئاغزاكى رىۋايەتلەرنى
پىششىق ئەستە ساقلىۋالغان چوڭلار تارىخنى مۇستەھ-
كەملەشكە ھەم تولۇقلاشقا باشلايدۇ، شۇنداق قىلىپ
ئالدىنقى ئەۋلادتىكى بەزىلەر پۈتۈنلەي ئەپسانىۋى تۈس
ئېلىپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل
جەريان باتۇر قەھرىمانلارنى زادىلا يېڭىلمەس ئادەم-
سىمان ئىلاھقا، دانىشمەنلەرنى ھۆرمەتلەپ مەبۇدسىمان
ئەۋلىياغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇ خىل ئەۋلىيا دۇنيادىكى
ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ (بۇددا، خرىستىئان ۋە ئىسلام) يا-
راتقۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇددا (بۇددىھا)،
ئەيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقىي تارىخىي
شەخسلەر بولسىمۇ، نەچچە يۈزيىللىق تەرەققىيات داۋا-
مىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى خاراكتېر ساپ ئەپسانىۋى
تۈسكە ئۆزگىرىپ كەتكەن. 10 ـ ئەسىردىكى سۈڭ
دەۋرىگە خاس بىر پارچە جۇڭگوچە رەسىمدە بۇددىھا-
نىڭ ① ئادەتتىكى ئىنسانلاردىكى خاراكتېرنىڭ ھەممىسىنى
تاشلاپ، ساپ ئەپسانىۋى خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى
كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئۆزىنىڭ ئىسمى كېيىنچە دىنىنىڭ ئىسمى قىلىنغان مۇ-
بارەك پېشۋا گائۇتاما. سىددىخارتا ② راھىبلارچە ياشاپ،
بىر خىل ئالىيجاناب ۋە ساپ تەلىماتنى تەشەببۇس قىلغان.
سىددىخارتا ھىندىستان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا
بۇددانى 45
يىل تەش-
ۋىق قىلغان،
ئۇنىڭ تە-
لىم ـ تەر-
غىباتلىرىنى
ئاڭلىغان
ئاۋام پۇقرا-
لار خۇرا-



پىيالرچە ئىشەنگەن ھەم مەسىلىلەرنى قالتىس ياقتۇرۇپ قالغان. نەتىجىدە، ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 483 ـ يىلى) تەرەپ ـ تەرەپتە سەرسان بولغان، بۇ تىلەمچى دەرۋىش ئەپسانىۋى خۇ ـ سۇسىيەتلەرگە ئىگە دەپ قارالغان. گەرچە ئەپسانە ـ رى ـ ۋايەتلەر بىلەن سىددىخارتا ئېتىقاد قىلغان تەلىمات ئوت ـ تۇرىسىدا غايەت زور پەرق بولغان بولسىمۇ، ئەمما تا ـ رىختىكى سىددىخارتا ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەپسانىلەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سىددىخارتانىڭ ئانىسى خانىش مويى مۇقەددەس روھتىن ھامىلدار بولغان، ئۇ ئۇخلا ـ ۋاتقاندا بىر ئاق پىل خارتۇمى بىلەن بىر دەستە ئاق نې ـ لۇپەرنى ئۇنىڭ قورسىقىغا قو ـ يۇپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن كې ـ يىن ئۇ ھامىلە ـ دار بولۇپ قا ـ لىدۇ. ئۇ ھامى ـ لىدار بولغاندا سازلار ئۆزلە ـ كىدىن چېلىنى ـ دۇ، دەريا سۇ ـ لىرى ئېقىشتىن توختايدۇ. پا ـ



دىشاھ جىڭ فەن پولومېندىكى 64 ئاقساقالغا خانىشنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشنى ئەمر قىلىدۇ. ئاقساقاللار خا ـ نىشنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى بويسۇندۇرىدىغان بىر ئوغۇل تۇغۇدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. سىددىخارتانىڭ تۇغۇلۇشى ئەپسانىۋى تۈسكە تولغان. خانىش گۈللۈكنىڭ ئىچىدىكى بىر جۈپ پۈتۈ دەرىخىنىڭ ئاستىدا تۇرغاندا، قورسىقى يورۇپ كېتىدۇ، بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭ بىقىنىدىن ئاستاغىنە چىقىپ يەرگە چۈشىدۇ، ئۇنىڭ پۇتلىرى يەرگە تېگىشى بىلەنلا پۇتلىرى ئاستىدىكى نىلۇپەر ئېچىلىپ كې ـ



تىدۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن ياشانغان خانىش ئالەمدىن ئۆتە ـ دۇ. رىۋايەتتە سۆزلەنگىنى بۇ ـ تۇنلەي قۇرۇق گەپلەر. خانىش ئۇنىڭغا سىددە ـ خارتا دەپ ئە ـ سىم قويغاندىن كېيىن ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىسىنى تاشلاپ ئالەمدىن ئۆ ـ تىدۇ.

شاھزادە سىددىخارتا ھىندىستان بىلەن نېپال چېگ ـ رىسىدىكى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئوردىدا چوڭ بولىدۇ. پادىشاھ جىڭ فەننىڭ تەخت ۋارىسى ناھايىتى سۆيۈملۈك ھەم ۋاپادار يېساتورونى ③ ئەمرىگە ئالىدۇ. بۇ بىر جۈپلەرنىڭ يۇلتۇزى ئوخشاشلا پادىشاھ يۇلتۇز تۇركۈمى بولۇپ ئۇلارنىڭ توي قىلىشى پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىدى. ئۇلار توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شاھلىق ئورنىنىڭ داۋاملىشىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. كېيىن سىددىخارتا تەلىماتىدا ئا ـ رىغلىق (ئويغىنىش، روھىي كامالەت، ئەۋلىيالىق ماقامىغا يېتىش) ئىزدەۋاتقان ھەم ئۆيىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھەر بىر ئادەمنىڭ باللىق بولۇشى مۇقەد ـ دەس بۇرچتۇر دەپ ئوتتۇرىغا قويغان) سىددىخارتا ئوردىدىكى راھەتلىك تۇرمۇشنى تاشلاپ راھىبلىق يو ـ لىغا ماڭىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ يېساتورو ۋە ئوغلى لوخالو بىلەن خوشلىشىدۇ. ئۇ لوخالوغا پانىي دۇنيادىكى باي ـ لىقلارنى ئەمەس، مەنىۋى بايلىقلارنى مىراس قالدۇر ـ غانلىقىنى ئېيتىدۇ.



بەزى قىياسلاردا ئېيتىلىشى ـ چە، ناۋادا سىددىخار ـ



تا ئۆز كۆزى بىلەن كېسەل-
لەرنىڭ، قېرىلارنىڭ ئۆلۈۋات-
قانلىقىنى كۆرگەن بولسا ياكى
ھەقىقىي بىرەر قېتىملىق دەر-
ۋىشلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆت-
كۈزۈپ باققان بولسا، شاھلىق
ئورنىدىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى
تەركىيدۇنيالىققا ئاتىۋەتكەن
بولۇشى مۇمكىن. پادىشاھ جىلىك
فەن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ
بالىسىنى ئوردىغا قاماپ قويى-
دۇ. ئىلاھىنىڭ يول باشلىشى
بىلەن، سىددىخارتا ئوردا دەر-
ۋازىسىنى ساقلاپ ئۇخلاپ
قالغان قاراۋۇللاردىن يەم بە-
لەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شەھەرنى بىر ئاي-
لىنىپ چىقىدۇ. قېرىپ كېسەللىك ئازابىدا
ئۆلۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ نالىسى ئۇنىڭ
قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدۇ، شۇنداق قىلىپ
ئۇ شاھلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، چاچ-
لىرىنى چۈشۈرۈپ راھىب بولۇپ، كاسايا
ئارتىپ ئۆزىنىڭ مەنىۋى مەنزىلىنى كۆز-
لەپ، ئۆيىدىن ئايرىلىدۇ.



يەتتە يىل جاھان كەزگەندىن كېيىن،
سىددىخارتا ئوبرالا شەھىرىگە كېلىپ،
بىر تۈپ پىپال دەرىخى (بۇددا دەرىخى
دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئا-
رىفلىققا يەتمىگىچە مىدىر - سىدىر قىل-
ماسلىققا ھەم ھېچنەرسە يېمەسلىككە قە-
سەم قىلىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە 28 كۈن
ئۆتكەندىن كېيىن، يامان روھنىڭ ۋەكىلى
بولغان بىر ئادەم سۈيىقەستچى ئالۋاستى-
لارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بىر تېرە
بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان سىددىخار-
تانىڭ ئىستىقامىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىل-
ماقچى بولىدۇ. ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرال-
مايدۇ. ئالۋاستىنىڭ «قانائەتسىزلىك»،



«خۇشاللىق» ۋە «نەپس» قاتارلىق
ساھىبجامال ئۈچ قىزىمۇ كەلگۈسىدىكى
بۇددىھانى ئىرادىسىدىن قايتۇرالمايدۇ.
پانىي ئالەمدىكى بارلىق ئازدۇرۇشلارغا
تاقابىل تۇرغاندىن كېيىن سىددىخارتا ئا-
خىر «بۇددىھالىق»، يەنى «ئارىفلىق»قا
ئېرىشىدۇ. ئەينى چاغدا گائۇتاما. سىددى-
خارتانىڭ ئالدىدا ئىككى تاللاش بار ئى-
دى: ئاۋامغا قۇتۇلۇشنىڭ يولى بولغان
«سەككىز ھەقىقەت»نى سۆزلەش يا بول-
مىسا شەخسىي قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەش،
ئالۋاستى ئۇنى شەخسىيەتچىلىك يولىنى
تاللاشقا كۈشكۈرتىدۇ، ئەمما تۇغۇلۇش-
تىنلا دەرياغا چۈشۈپ يىلانباشلىق ئالۋا-
ستىنى بويسۇندۇرالايدىغان ئادەتتىن



تاشقىرى كۆچكە، ئىگە بۇددىھا ئالۋاستىنىڭ ئازدۇرۇشلى-
رىغا قۇلاق سالماي، ھىندىستان خەلقىگە ئۆزى ھېس
قىلغان تەلىماتنى يەتكۈزۈش يولىنى تاللايدۇ. بۇددىھا
ھەققىي ئېتىقاد، سۆز ۋە ھەرىكەتنىڭ بىردەكلىكى ھەر-
قانداق ئادەمنى ئارىغلىقتا يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي
ئىشەنگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرنايدىكى ياۋا بۇغا را-



ۋىقىدا تەبلىغنى
باشلىغان.«ئا-
ۋامنى تىنچلىق-
قا، ئارىغلىققا،
ھەتتا نىرۋاناغا
يەتكۈزىدىغان
ئەڭ ياخشى
يولنى كۆرسى-
تىپ بېرىش» ئۇنىڭ تۇنجى تەبلىغىدىكى تەشەببۇسى. ئۇ
باشلىنىشتىلا بۇددا دىنىدىكى پەرھىز ۋە ئەپۇدىن ئىبا-
رەت ئاساسىي مىزاننى بەرپا قىلغان 8 ـ ئەسىردىكى
جۇگگوچە رەسىم بولۇپ، مۇقەددەس بۇددىھا دەرىخى
ئاستىدىكى نىلۇپەر تەختتە ئولتۇرغان بۇددىھانىڭ شا-
گىرتلىرى ۋە راھىبلار بىلەن بىللە مۇنازىرە قىلىۋاتقاند-
لىقى تەسۋىرلەنگەن. 80 ياشلىق بۇددىھا تەلىماتلىرىنى
ھىندىستاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا قەدەر تارقاتقاندىن
كېيىن، جۇشناگارغا كېلىپ، بىر تۈپ ساروس دەرىخى-
دىكى گۈللەرنىڭ توختاۋسىز ئېچىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى



بايقايدۇ. ئۇ دە-
رەخ ئاستىدا يې-
تىپ، ياشانغان
شاگىرتلىرىنىڭ
ھەمراھلىقىدا
جىمىدىلا ئا-
لەمدىن ئۆتىدۇ.
بۇددىھانىڭ جە-
سىتى ئۇ يەردە
ئالتە كۈن تۇر-
غاندىن كېيىن
ناھايىتى چوڭ
ئوتۇن دۆۋىسى-
نىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلىدۇ. كىشىلەر ئوت يېقىشقا قولى
بارمايدۇ. مۇۋاپىق پەيتتە ئوتۇن ئۆزلۈكىدىن كۆيۈپ،
ئادەملەرنىڭ نەزەرىدىكى ئەۋلىيانىڭ جەسىتىنى كۈلگە
ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئاسمانپەلەك ئۆرلىگەن يالقۇننى بو-
ران قاغجىراپ كەتكەن ھىندى ۋادىسىغا قارىتىپ پۈۋ-



لەيدۇ، دەريا
سۈيى ئۆركەش
ياسايدۇ، بۇد-
دىھانىڭ روھى
ئۇدۇل نىرۋا-
ناغا بارىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نەسرىيلىك ئەيسا ئەلەيھىس-
سالام ④ ئاكىسى جامىس يازغان «ياكۇبنىڭ تۇنجى خۇش
خەۋىرى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئەيسا ئەلەي-
ھىسسالام بورھىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى كىچىك تاغ ئۆڭ-
كۈرىدە تۇغۇلغان. پەرىشتىنىڭ ياردىمىمۇ بولمىغان،
شەرق ئاقسۆڭەكلىرىگە خاس ئىشلارمۇ بولمىغان، پەقەت
قېرىنداشى سەيمىل يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرقانچە
پادىچىنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان مۇقەددەس جايغا
چاقىرىپ كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئەپسانىنىڭ جەۋھىرى
(ئەپسانىۋى تۈس) تارىختىكى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز
ئىلكىگە ئالغان. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزە كەبى
تۇغۇلۇشىنى جىبرىئىل دېگەن پەرىشتە ئىنسانلارغا ئۇق-
تۇرغان.

ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا ئائىت مۆجىزىلەر
دۇنيادىكى تەڭداشسىز تام رەسىملىرىدە گەۋدىلىك ئىپا-
دىسىنى تاپقان.

جوتې ⑤ پادىيىدىكى ئارىنا چېركاۋىغا ئىشلەپ بەر-
گەن چاتما رەسىملەردە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى
ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋاق دەۋرىدە چوقۇندۇ-



رۇلۇۋاتقانلىقى
ئەكس ئەتكەن.

ئەيسا ئە-
لەيھىسسالامنىڭ
بىرىنچى تۇركۇم
ھەۋارىيۇنلىرى
«قۇرۇقلۇقتا

ئولتۇراقلاشقۇچىلار» بولۇپ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام كېسەل داۋالىيالايتتى، مۆرەككەپ ئەخلاق مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر شەرھلىيەلەيتتى، شاگىرتى ماك ئېيتقاندەك «سۇمباتلىق



ئادەم» ئىدى، شۇڭا ھەۋارد-يۇنلىرى ئەيسا ئەلەيھىسسالام-نى ھۆرمەتلەيتتى، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ساۋاتسىزلىقتىن ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان پەلەستىن يۇقرالىرى ئارىسىدا ئۈچ يىلدەك دىن تارقاتقان. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى تۇغقانلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسىرىنىڭ مۇنچىۋالا زور بولۇشى ھەم ئۇزاققىچە داۋام قىلىشى قىسمەن ھالدا چوقۇنغۇچى جوننىڭ ⑥ تۆھپىسىدىن بولغانىكەن.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئەسرىيىدە ياغاچچىلىق بىلەن جاپالىق ياشاۋاتقاندا، چوقۇنغۇچى جون كەڭ ھەم ئۇزۇن ئىئوردان دەريا ۋادىسىنى بويلاپ، مەسىھنىڭ ⑦ قايتىدىن زېمىنغا چۈشۈپ، مۇشرىكلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىدىغانلىقى ھەمدە مەسىھنى قارشى ئېلىش توغرۇلۇق تەشۋىق قىلغان. ئەيسا ئەلەيھىسسالام دىن تارقاتقان دەسلەپكى چاغلاردا، جون 30 ياشلىق ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا چوقۇنغان. 15 ـ ئەسىردىكى پىل چىشى ئويما رەسىمنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، رەسىمدە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەل داۋالاش ئىقتىدارى، ئوڭ تەرەپتىكى رەسىمدە ھاسىسىنى چۈشۈرۈپ قويغان توكۇر تەلەمچى، يېقىندىكى سول تەرەپتىكى رەسىمدە شامالدىرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سىيلاپ قويۇشى بىلەن ساقىيىپ كەتكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

جوتېنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان لاسىرو ⑧ (بەدىنىدە كېپەن ئورالغان)نىڭ ماتەمگە كەلگەن تۇغقانلىرى بىلەن تەنتەنە




قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

پەلەستىن يەھۇدىيلىرى گەرچە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 63 ـ يىلى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، رىم ھۆكۈمرانلىقىغا پۈتۈنلەي تىز پۈكمىدى. ئۇلار سىرتتىن كەلگەن مەبۇدلارغا چوقۇنۇشنى چەكلىدى، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى ھەم



قورچاق شىلۇنىڭ يەھۇدىيلارغا پادىشاھ بولۇشنى قوبۇل قىلمىدى. بەزىلەر تەرەپىدىن «يەھۇدىيلارنىڭ شاھى» دەپ ئاتالغان ئادەملەرنىڭ يېرۇسالىمغا كىرىپ قېچىش بايرىمىنى (يەھۇدىيلارنىڭ ئازادلىق خاتىرە كۈنى) تەبرىكلىمەكچى بولغاندا، يېرۇسالىمدا ناھايىتى چوڭ پاراكەندىچىلىك كېلىپ چىقتى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئىنقىلاب تەلىماتلىرىنىڭ تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە يىراق ـ يېقىنغا نامى پۇر كەتتى. ئۇنىڭ جازانىخورلارنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوردىسىدىن قوغلاپ چىقىرىشى كىشىلەرنىڭ ئويدىلىغانلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ شۇ



چاغدا يەنە ئىنقىلابنىڭ كەسكىن تەشەببۇسچىسى بولغان. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، رىملىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقچىلىرى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى شەھەر سىرتىدىكى دۆڭلۈكتە كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈچ كۈندىن كېيىن خرىستوس يەنە تىرىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ⑨ بىر مەيدان دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوزغىغان پائالىيەتچىگە ئايلىنالىشى ھەقىقەتەن سىرلىق.



ئۇ گەرچە ھاشىم جەمەتىنىڭ (مەككىدىكى مۇقەددەس قىبلىنىڭ قوغدىغۇچىسى) ئەزاسى بولسىمۇ، ناھايىتى نامرات ھەم ساۋاتسىز ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشتا يېتىم بولۇپ قالغان. 40 ياشقا كىرگىچە مۇقەددەس بۇرچتىن ئەسەرمۇ بولمىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 570 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئۇ چاغدىكى بىردىنبىر ئەرەبلەرنىڭ قائىدىسى قىبلە ئىدى. قىبلە سىرتقى شەكلى نەپىس بولمىغان تاشلاردىن قوپۇرۇلغان ئىمارەت بولۇپ، مەككىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، ئىبادەتخانا (مەككە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن مەسچىتكە ئۆزگەرتىلگەن) ئىچىدە 360 تىن كۆپ قەبىلە تۇتېم بەلگىسى بولغان. بۇ مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا سىرلىق تۇسكە ئىگە بىر قارا تاش بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پادىچىلار ۋە تۆگە باققۇچىلار ئارىسىدا ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن. كېيىن ئۇ باي بىر تۇل ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، سودىگەرچىلىق قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نامراتلىق، جاھىلىيەت ۋە خۇراپاتلىق ئۈستىدە ھەر كۈنى تۆت سائەت ئويلانغان. بىر كۈنى ئىبادەتتە ئاللانىڭ ۋەھيىسگە ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا يېڭى دىننى مەخپىي



تارقاتقان، 612 ـ يىلى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئاشكارىلانغان، ئۇنىڭ يېڭى دىنىي تەلىماتلىرى مەككە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، ئەمما پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغان.

پەرىشتە جىبرىئىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دوستى ئەبۇبەكرىنى ⑩ مەدىنىگە كېتىشكە دەۋەت قىلغان.

مىلادىيە 622 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسلام كالېندارىنىڭ باشلىنىشى ياكى مەدىنىگە سەپەر (ھىجرەت) قىلىش كۈنى بولۇپ، مۇسۇلمانلار دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى. سەككىز يىلدىن كېيىن مەدىنە تېز كېڭەيگەن دىنىي ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان. ئۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەنلەر، بىللە بولغانلار ھەم بىللە ئۇرۇشقا قاتناشقانلار) «قۇرئان»نى خاتىرىلەپ، كۆچۈرۈشكە ماھىر پىدائىيلار قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن قەغەزگە كۆچۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە سۆتى تارتىلىپ كەتكەن قويدىن سۆت ئېلىشتەك بەزى





مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلغان. بۇ مۆجىزىلەر بىلەن ئەپسانىۋى تۈسى ئەڭ سۇس بولغان بۇ دىنني يولباشچى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە بىرىنچى مەسچىتنى بىنا قىلغان. بۇ خىل قۇرۇلۇشلار ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىغا يامرىغان.

مەدىنىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرىلەر مەككىگە قارىتا بىر مەيدان ئۇرۇش قوزغىدى (چۈنكى، مەككىلىكلەر ئىسلامغا دەۋەت قىلىنسىمۇ دىنغا كىرمىگەن). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە سەپەر قىلىش ھارپىسىدا بىر قانچەيلەن



ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، ئەمما 629 ـ يىلى مەككىگە قايتىپ، قىبلىدىكى قاراتاشنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلغاندىكى باش ئۇرىدىغان نىشان قىلىپ بېكىتكەندە نەچچە يۈز مىڭ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن قوپال ھەم تەلۋە بەدۋىيلار (قۇملۇق ئەرەبلىرى) پەرھىزلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولغان، ئۇلار بىر خۇدالىق دىنغا ئىشىنىپ قالماستىن، بۇ يولدا قەتئىي ئىزدەنگەن. بۇ خىل ئىزدىنىش باشقا مىللەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئەگەشتۈرگەن. نەچچە مىليون مۇسۇلمانلار شەرىئەتتىكى (ئىسلام قانۇنى) بەش پەرھىزگە قەتئىي ئەمەل قىلىشى كېرەك. بۇ بەش پەرھىزگە: ئىمان ئېيتىش (ئېتىقادنىڭ كۈندىلىك ئىپادىسى)، ناماز (كۈندىلىك بەش ۋاخ ئىبادەت)، روزا (بىر يىلدا بەلگىلەنگەن 30 كۈندە روزا تۇتۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن پەرھىز قىلىش)، ھەج (قۇربى يەتكەنلەرنىڭ مەككىنى تاۋاپ قىلىشى)، ئۆشرە ـ زاكات (نامراتلار ۋە مەسچىتلەر ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان بىر خىل مەجبۇرىيەت، ئادەتتە پۇل ئۆلچىمىگە يەتسە 1/40 تاپشۇرۇلىدۇ.

مەسىلەن، 10 مىڭ سومغا 2500 يۈەن زاكات كېلىدۇ (ئۆلچەمگە توشقان پۇلنىڭ زاكىتى ئايرىلمىسا ھارام). قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بەش پەرھىزدىن باشقا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئالتىنچى پەرھىز سۈپىتىدە غازات (دىننى قوغداش ئۇرۇشى)نى قوشتى. «جەڭ ئاللا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن»، «قۇرئان»دىن كەلگەن بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەرەب جەڭچىلىرى ئاللانىڭ زېمىنىنى ھىندىستاندىن تارتىپ ئىبراي يېرىم ئارىلىغىچە كېڭەيتتى. ئۇلار ھەر بىر ئىشغال قىلىنغۇچىغا مۇنداق تۆت تەلەپتىن بىرىنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلاتتى: ئىسلام دىنىغا كىرىش، ئولپان تاپشۇرۇش، تۈرمىدە يېتىش ياكى ئىسلام قىلىچى ئاستىدا جان بېرىش.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا ئائىت رىۋايەتلەر ھەر خىل، بىز تەھلىل قىلغان ئۈچ چوڭ دىن يولباشچىسىنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىي ئىش ـ ئىزلىرى ئەڭ كۆپ، ئەپسانىۋى تۈسى ئەڭ ئاجىز شەخس. مۇشۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى يەنىلا ئاجايىپ ـ غارايىپ مۆجىزىلەردىن ئايرىلمىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى «كېچىدە يېرۇسالىمغا بېرىش». «قۇرئان»دا يېرۇسالىم «يىراقتىكى مەسچىت» دەپ مەخسۇس تىلغا ئېلىنغان. مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئاساسەن تەسەۋۋۇر كۆچىگە باي بولغان. «ئىنجىل»دىكى ھېكايىلەر بىلەن ماس كېلىدىغان مۇنۇ ھېكايىنى توقۇغان: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاق بۇراققا (يۈزى ئايالنىڭ يۈزىگە ئوخشايدىغان، ھەر خىل ئۆزگىرەلەيدىغان قاناتلىق ھايۋان) مىنىپ، مەككىدىن يېرۇسالىمغا بارغان. ئەمەلىيەتتە بۇ راست ۋەقە بولۇپ، ھەدىستە ۋە نوپۇزلۇق كىتابلاردا خاتىرىلەر بار.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوردىسىدىكى تاشنى مىدىرلاتقان، شۇنداق قىلىپ

2007.4



ئاللانىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام⑪ ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىق مەشھۇر ئەجدادلىرىنى كۆرگەن. تاشنىڭ ئاستىدىكى ئۆڭكۆردە بىردەم ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن پەرىشتە جىبرىئىل بىلەن قۇياش پارلاپ تۇرغان جەننەتكە ئۇدۇل بارغان. ئاللانىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ تەختى ئالدىغا يىقىلغان. ئاللانىڭ دەرگاھىدىن ئۇممەتلىرى (ئىسلام دىنىدىكى بارچە مۇسۇلمانلار) رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەر خىل پەرھىزلەرنى ئالغان، ئاندىن ئەسلىي يولى بويىچە تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن مەككىگە قايتىپ كەلگەن. «قۇرئان»دىكى زىناخورلۇقنى چەكلەشكە ئائىت بەلگىلىمىلەردىن قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارغان جەننەت ناھايىتى راھەت ـ پاراغەتلىك جاي. جەننەتنىڭ ئەڭ ئالىي قەۋىتىدە (يەتتىنچى قەۋىتى) ساھىبجامال، قاپقارا شەھلا كۆزلۈك 72 پەرى تۇرىدۇ، جەننەتتە ھۆرلەر بولىدۇ، دېگەن بۇ بايان كىشىلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىك بەختكە ئېرىشىش ئۈمىدىدىن دېرەك بېرىدۇ⑫.

ئىزاھلار:

① ساكيامونى.

② بۇددا دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى. فامىلىسى گائۇتاما، ئىسمى سىددىخارتا، ساكيا جەمەت ئىسمى (مەنىسى قابىلىيەتلىك)، مونى ـ ھۆرمەت نامى. «ساكيامونى»نىڭ مەنىسى «ساك قەبىلىسىنىڭ دانىشمىنى، ئەۋلىياسى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇددىستلارنىڭ ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئاتىشى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۇ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى كاپىلو دۆلىتىنىڭ (بۈگۈنكى جەنۇبىي نېپالنىڭ تېلراكت ئەتراپىدا) پادىشاھى جىڭفەننىڭ شاھزادىسى بولۇپ، دىلجۇڭ ئايىمىغا تەۋە. ئانىسى موي جۇلى جەمەتىدىكى پادىشاھ تيەن بىننىڭ قىزى، دۆلەتكە قايتىش يولىدا لەن بىنى دېگەن يەردە يەڭگىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇددىھانى ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسى موكېبوجىبوت بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلنامىسى توغرىسىدا شىمالىي مەزھەپتىكىلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 565 ـ 485 يىللار دەيدۇ، جەنۇبىي مەزھەپتىكىلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 623 ـ 624، 543 ـ 544 ـ يىللار دېيىشىدۇ. ئۇ باللىق دەۋرىدە پولومېن مائارىپىنى ئالغان. 29 ياشتا كىشىلەرنىڭ ئاغرىپ، قېرىپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بەك ھەسرەتلەنگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى پولومېن مائارىپىغا نارازى بولغان. شاھانە تۇرمۇشتىن كېچىپ، ئائىلىنى تاشلاپ ئىستىقامەت يولىغا ماڭغان.

موجېتۇ پادىشاھلىقىدىكى «ماھايانا» مەزھىپىنىڭ ئۇستازى ئالوروگالمو ۋە ئۇتۇكالمۇلاردىن ئېتىكاپتا تۇرۇشنى ئۆگەنگەن. كېيىن نىرەنچىن دەريا ۋادىسىدىكى ئورمانلىقتا ئالتە يىل تەنها ئىستىقامەت قىلغان، كېيىن ئىستىقامەتنى قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئەمەس دەپ قاراپ، گايىپول دەرىخى ئاستىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ تۆت ئەھكام، سەۋەب ـ نەتىجىنىڭ 12 پرىنسىپى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئارىف بولغان. شۇ چاغدا ئۇ 35 ياشقا كىرگەن. ئۇ دەسلەپتە بېرناي شەھرىدىكى ياۋا بۇغا راۋىقىدا شاگىرتى ئارو چياۋچىن قاتارلىق بەش ئادەمگە تەبلىغ قىلغان، كېيىن ھىندىستاننىڭ شىمالى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى گانگ دەريا ۋادىسىدا تەرغىبات قىلغان، تەرغىباتقا ماسلىشىدىغان راھىبلار ئۇيۇمىنى تەشكىللىگەن، شۇنداق قىلىپ بۇددىزىمنىڭ ئىپتىدائىي تەلىماتىنى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان، بەزى رىۋايەتلەردە 500 ئادەم بولغان دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە پادىشاھ، شاھزادە بەنىي قاتارلىقلار مەشھۇر بولۇپ، بۇلار ئون مەشھۇر شاگىرت دەپ ئاتالغان. بۇددىھا 80 ياشتا جۇشناگاردا ئالەمدىن ئۆتكەن. دەسلەپتە ئۇ ئالدىن سەزگۈچى دەپ قارىلىپ، بۇددىھا دەپ ھۆرمەتلەنگەن، كېيىن ئىلاھقا ئايلاندۇرۇلغان.

③ چۈي بو (qubo) مۇ دېيىلىدۇ. پادىشاھ شەنجۈنىڭ قىزى. كېيىن موكېبو جىبوتقا ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن.

④ خىرىستىئان دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى، يەھۇدىي بورھانىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ يىلىدا تۇغۇلغان. مىلادى 30 ـ يىلى ۋاپات بولغان، 30 ياش ئۆپچۆرىسىدە جالىلى ۋە يەھۇدانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دىن تارقاتقان، تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن كىشىلەر توۋا قىلىشى كېرەك، ئىشەنگەنلەر قۇتۇلىدۇ، مۇشرىكلەر (ئىشەنمىگۈچىلەر) جازالىنىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلغان. ئۇ يەھۇدىي دىنىي دائىرىلىرىگە زەربە بېرىپ، يەھۇدىي دىنىدىكى ئەھكاملارغا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنى «باشقىلارنى خۇددى ئۆزىدەك سۆيۈش»، «دۈشمىنىنىمۇ

سۈيۈش»كە تەشەببۇس قىلغان. پېتىر، ياكوب، جون قاتارلىق 12 كىشىنى ھەۋارىيونلۇققا (مۇرت) تاللىغان. ئۇ يەھۇدىي دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە ئۇچرىغان. قېچىش بايرىمى ھارپىسىدا، ھەۋارىيونلىرىدىن بىرى بولغان كاللىق يەھۇدىنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن يەھۇدىي دىنىنىڭ نەزىر ـ چىراغ مەھكىمىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. كېيىن «رىم پاپاسىغا ئاسىيلىق قىلدى» دېگەن جىنايەت بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يەھۇدىيلاردىكى باش ئەمەلدارى پىرادوغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.

⑤ 14 ـ ئەسىردىكى ئىتالىيە رەسسامى (1266/ 1267 ـ 1337).

⑥ «ئىنجىل» ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژ. كاھىن ساگارىيا ۋە ئېلىزابىتنىڭ بالىسى. ياشلىق دەۋرىدە ئېتىكاپتا تۇرۇپ، بىلىم ئالغان. قۇرامىغا يەتكەندە ئىئوردان ۋادىسىدا كىشىلەرنى توۋا قىلىشقا ئۈندىگەن، كىشىلەرنى چوقۇندۇرغان، مەسىھنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تەرغىبات قىلغان، كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ شاھى شىلونىڭ ئىنىسىنىڭ ئايالى شىرودىنى ئەمرىگە ئالغان. تۈرمىگە تاشلىنىپ كاللىسى ئېلىنغان. سامىرىيىگە دەپنە قىلىنغان

⑦ ئەسلىي مەنىسى «مەلھەملەنگۈچى، مەلھەم دورا سۈرتۈلگۈچى» مەنىسىدە، ئاللانىڭ ئەلچىسى، يەھۇدىي دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، مەسىھ دۆلەتنى قۇتقۇزۇش سۆزىنىڭ خاس ئاتالمىسىغا ئايلانغان.

⑧ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى، مارا ۋە مارىيانىڭ ئىنىسى، بودىن كەنتىدە تۇرغان. ئەيسا ئەلەيھىسسالام يېرۇسالىمدا دىن تارقىتىۋاتقاندا دائىم ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان، كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندا ئەيسا ئەلەيھىسسالام تىرىلدۈرگەن.

⑨ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى (تەخمىنەن 570 ـ 632) مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىگە قاراشلىق ھاشىم جەمەتىدە تۇغۇلغان. ئالتە ياشتا ئانىسىدىن يېتىم قالغان (ئاتىسى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن. سەككىز يېشىدا تاغىسى ۋاپات بولغان، ياشلىق دەۋرىدە پادا باققان. تۆگە كارۋىنىغا ئەگىشىپ پەلەستىن، سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. 25 يېشىدا مەككىلىك باي تۇل ئايال خەدىچىگە ياللىنىپ سودا قىلغان، شۇ يىلى خەدىچە بىلەن توي قىلغان، 40 ياشتىن تارتىپ دىن تارقىتىشقا باشلىغان. 622 ـ يىلى مەدىنىدە ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن تەشكىلات قۇرغان. 630 ـ يىلى مەككىگە قايتىپ بارغان، 631 ـ يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ سۈرىيىگە يۈرۈش قىلغان، 632 ـ يىلى زور بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىنى تاۋاپ قىلغان، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مەدىنىدە ۋاپات بولغان ھەم شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

⑩ ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى خەلىپە (573 ـ 634)، ياشلىق دەۋرىدە سودا قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەرغىبات ئىشلىرىدىكى ئاساسلىق قوللىغۇچىلىرىنىڭ بىرى، ئىسلام دىنى يولىدىكى بارلىق غازاتقا قاتناشقان. خەلىپە بولغان مەزگىلىدە (632 ـ 634) «قۇرئان كەرىم»نى رەتلىگەن، 11 قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىكى «رىددا توپىلىڭى»نى بېسىقتۇرغان، يېرىم ئارالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كېيىنكى خەلىپىلىكنىڭ زېمىن كېڭىيىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

⑪ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملار «ئىنجىل. كونا ئەھدىنامە»دىكى پەيغەمبەرلەر.

⑫ بۇ پەقەت ئاپتورنىڭ قارىشى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇ قاراشنى قوبۇل قىلمايدۇ، بۇ ئەسەردىكى بەزى قاراشلار ئاپتورنىڭ ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

(شاڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «ئەپسانىشۇناسلىق» ناملىق خەنزۇچە كىتابتىن ئېلىندى).

سۇلايمان قېيۇم تەرجىمىسى

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

# قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى مەشھۇر خەلق ناخشىسى «گىلاڭ تاغلىرىدىكى قارلار»

سائادەت ھادى، ئەمەت مەخمۇت

قۇمۇلدىكى 12 تاغ رايونى قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەى بۇلىقى بولۇپ كەلگەن. قۇمۇل تاغلىرىدا ياشىغۇچى ناخشا خۇمار، بېيىت، قوشاق توقۇشقا ماھىر ئۇيغۇرلار قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان. قۇمۇل مۇقاملىرى ئە- چىدىكى نۇرغۇن ناخشا - بېيىتلەر قۇمۇل تاغلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، مۇھەببىتى، ئۆرپ - ئادىتى، ئې- تىقادى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئا- دەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتا قۇمۇل تاغلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بار. بۇنى قۇمۇل خەلق ئاھاڭلىرىدىن ئېنىق ھېس قىلە- مىز. قۇمۇل تاغلىق رايونىدىكى ئۇيغۇرلار 12 تاغنى ئا- ساس قىلىپ، كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. تارىختىن بۇيان ئۇلار چارۋى- چىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ ياشاپ كەلگەن. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاق ۋە ئېكىن مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. شۇڭا ئۇلار ئىجاد قىلغان يەرلىك ناخشا - قوشاقلاردا تاغ پۇرىقى ناھايىتى قويۇق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدا يىراق تارىخ- تىن دالالەت بېرىدىغان ئاھاڭلار، يايلاق تۇرمۇشى ئىپا- دىلىنىدىغان كۈيلەر نىسبەتەن روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

قۇمۇلدىكى قەدىمكى زامان يايلاق ناخشىلىرىنى قو- مۇل مۇقاملىرىنىڭ مەنبەسى دېيىشكە بولىدۇ.

دەرۋەقە قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى «گىلاڭ تاغلىرىدىكى قارلار» دېگەن ناخشىنى قۇمۇلدىكى 12 تاغنىڭ بىرى بولغان «تۆمۈرتى»لىك نىياز باقى دېگەن كىشى ئىجاد قىلغانىكەن. بۇ كىشى قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە تۆمۈرتىدە چارۋىچىلىق قىلىپ ياشىغان كىشى بولۇپ، «ئاراتۇ- رۇك»نىڭ نېرىنكىر تاغلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق سۇۋۇر كۆ- سۆنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. نىياز باقى سۆزمەن، قوشاق توقۇشقا ماھىر، ساز چېلىشقا ئۇستا، ھەييار كىشى ئىكەن. سۇۋۇر كۆسۆنىڭ قىزىمۇ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، كۆرگەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىكەن. بۇ ئا- شىق - مەشۇقلار بىربىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشىدى- كەن. سۇۋۇر كۆسكۆنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن نىياز باقى خوتۇنىنى بىر يىلدا ئىككى قېتىم يەنى يازدا بىر قېتىم، قىشتا بىر قېتىم ئېلىپ كېلىپ قېيناتا - قېينانىغا كۆرسىتى- دىكەن. ھەر قېتىمدا نىياز باقىنىڭ خوتۇنى چوڭ ئۆيىدە بىر ئاي تۇرۇپ قايتىدىكەن. شۇڭا نىياز باقى تۆمۈرتى بىلەن نېرىنكىر ئارىسىدىكى يىراق تاغ يوللىرىنى قىس- قارتىش ئۈچۈن، يازدىكى گۈزەل يايلاقلاردا، قىشتىكى چەكسىز قارلىق دالىلاردا سۆيۈملۈك يارىنى سېغىنىش، ئەسلەش ئۈچۈن «گىلاڭ تاغلىرىدىكى قارلار» دېگەن مەشھۇر خەلق ناخشىسىنى ئىجاد قىلغانىكەن. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

دازىگو سەرۋەڭ ئارا
تىزدا يېغىپتۇ قارلار.
بىزنىمۇ ياتلاندىمۇ،
يىراقتا قالغان يارلار.

دازىگو سەرۋەڭ يولى
خۇيىمۇ ئۇزاق يول ئىكەن.
تاغلىرىدا قارىغاي،
يايلاقلىرى گۈل ئىكەن.

دازىگو سەرۋەڭ ئارا
قارلار يېغىپتۇ تىزغىچە.
يىراقتىكى يازنىڭ ئوتى
قالدى يۈرەكتە ئۆلگىچە.

سەرۋەڭلەردىكى گۈللەر ئاي يارەي،
گىلاڭ تاغلاردىكى قارلار ئاي يارەي.

دېگەن بېيىتلەر بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى «دۈر» مۇقامىنىڭ 1 - شۆبىسىنىڭ 18 - ناخشىسىدا ئېيتىلىدۇ. بۇ ناخشا ئىنتايىن مۇڭلۇق، جاراڭلىق ئېيتىلىپ، قويۇق يايلاق پۇرىقىنى نامايان قىلىدۇ.



ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

# مەشرەپ جازاسى«ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئويۇنى

ھەممىگە ئايانكى، مەشرەپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى قويۇق سەنئەت تۈسىگە ئىگە ئۇنىۋېرسال ئاممىۋى پائالىيەت. ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى تارىخىمىزدا ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقى بىلەن ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق ئىلمىي سەنئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك، ئەل ـ ئاۋام بىرلىكتە قاتنىشىدىغان، مۇقاملار ۋە خەلق ناخشىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، ئەلنەغمە، غەزەل ـ قوشاق، ئۇسسۇل، بېيت، قىزىقچىلىق، ھەزىل ـ چاقچاق، ھەر خىل كومېدىيىلىك ئويۇن، تەنبىھ ـ جازا، ئىنئام ـ مۇكاپات قاتارلىق قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن تەركىبلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆز ئىشتىراكچىلىرىنىڭ مەردلىك، سېخىيلىقنى تاۋلايدىغان ئوچاق، كىشىلەرنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ ئادەم بولۇش يولىغا باشلايدىغان دەرسخانا، خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان ۋە جارى قىلدۇرىدىغان قىممەتلىك سورۇن بولۇپ كەلمەكتە. بىز نۆۋەتتە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، بۈگۈنكى «يەر شارىلىشىش» دولقۇنىدا يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ رەھىمسىز زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلدى. بۇرۇنقى ئېسىل ئادەتلەر، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، ئەنئەنىنى يىلتىز قىلغان ئىلمى، ئەقلىگە مۇۋاپىق يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى تۈزۈك تىكلەنمىگەن شارائىتتا ئادەملىرىمىز، بولۇپمۇ ئۆسمۈر باللىرىمىز

تېمىرقاش، گاڭگىراش ھالىتىدە قالدى.

خەلقىمىزنىڭ كېلىپ چىقىش سالاھىيىتى ۋە مىللىي كىملىكىنى تونۇتىدىغان مەدەنىيەت خۇرۇچلىرى بىلەن مەنىۋىيىتىمىزگە روھ، تومۇرىمىزغا قان تولۇقلايدىغان، مىللىي سالاھىيىتىمىزنى قايتا بايقاش ۋە قۇرۇپ چىقىشتا زۆرۈر بولغان مۇناسىپ مەنىۋى ئېنېرگىيە ھېسابلانغان ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ تۈرلۈك قەدەم باسقۇچلىرىنى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە باشقۇرۇلۇش توغرىسىدا ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۆينىلىش شەكلى بويىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ، نامىمۇ كۆپ ۋە ھەر خىل. بۇلار: « ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى، دولان مەشرىپى، كۆك مەشرىپى، قىيىت مەشرىپى»دىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى يەرلىك مەشرەپلەرنىڭ ئىچىدە ئومۇملىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، تەشكىلىي تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغىنى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» بىلەن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «دولان مەشرىپىدىن» ئىبارەت. مەن بۇ ئاددىي يازمامدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىنىڭ» تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ھەم مەشرەپ قەدەم باسقۇچلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان مەشرەپ جازا تۈرىنىڭ «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئويۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەمەلىي مىسال بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن. مەلۇمكى، «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مەشرىپى بولۇپ، ئۇ، قاتنىشىش دائىرىسى پەقەت ئەرلەر بىلەنلا چەكلىنىدىغان مەشرەپ.

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى»نىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئاساسەن قازىبەگ (مەشرەپ بېگى)، يىگىت بېشى، دارغەي بېگى، كۆلبېگى، پاششاپ قاتارلىق ئەمەلدارلاردىن تەركىب تېپىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىلىرى بار.

قازىبەگ (مەشرەپ بېگى)—ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ نامى، ئۇ مەشرەپنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلغۇچى، مەشرەپتىكى دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچىدۇر.

يىگىت بېشى—مەشرەپنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ، مەشرەپ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

دارغەي بېگى—ئاساسەن مەشرەپنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل. دارغەي بېگى ناخشا ـ مۇزىكا ماھىرلىرىدىن سايلىنىدۇ.

كۆلبېگى—مەشرەپنىڭ پۈتكۈل مالىيە ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى بولۇپ، ئادەتتە مەشرەپكە لازىم بولىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىقلارنى ھەل قىلىدۇ. مەشرەپنىڭ كۈتكۈچىلىرى كۆلبېگىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

پاششاپ—مەشرەپنىڭ ئىنتىزامىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، ئادەتتە «ساقچىلىق» ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ ھازىر مىرشاپ دېيىلمەكتە. «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى»مۇ باشقا يەرلىك مەشرەپلەرگە ئوخشاش ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇل، چاقچاق، لاپ ئۇرۇش، مەشرەپ ئويۇنلىرى ۋە مەشرەپ جازالىرىدىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەر بىر باسقۇچنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، قويۇق سەنئەت تۈسىگە ئىگە.

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىنىڭ» قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ۋە جەمئىيەت ئەخلاقىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ئىقتىسادىي جازا؛ يەنە بىرى، سەۋەنلىك جازاسى. سەۋەنلىك جازاسىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ناھايىتى كۈلكىلىك ۋە ھەجۋىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ھەرىكەتلەر ئارقىلىق پاششاپ ياكى تۈرلۈك كەسپلەردىن مۇئەييەن خەۋىرى بار ئادەملەر تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇلار: (1) سامسا يېقىش؛ (2) سۈرىتىنى تامغا تارتىش؛ (3) ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش؛ (4) توشقان تەپتى؛ (5) كاۋا چاقتى؛ (6) ناۋات سېتىش؛ (7) پاختەك ئۇچۇرۇش؛ (8) كاككۇك سايرىتىش؛ (9) مۈنەك تۈگۈش؛ (10) كۆتەك ياردى؛ (11) يۇلتۇز كۆرسىتىش؛ (12) دەرىگە بېسىش؛ (13) تاسما تىلىش؛ (14) تېرىگە ئېلىش؛ (15)

شتراپ قويۇش؛ (16) كۆلدىن تەگگە ئېلىش؛ (17) باغدىن ئالما ئۈزۈش؛ (18) پىر ئويىنتىش؛ (19) سۇغا چۆمۈلدۈرۈش؛ (20) ئەنجۈر يىگۈزۈش؛ (21) سازايى قىلىش؛ (22) يۈزىگە قارا سۈركەش؛ (23) ئۆپكە قويۇش؛ (24) جۇۋازغا قېتىش؛ (25) قاغا چىشتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىدا ئاتالغان مەشرەپ جازا ئويۇنلىرى باشقا يەرلىك مەشرەپلەردىمۇ ئوينىلىدۇ ياكى قىسمەن ئوينىلىشى مۇمكىن. «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئويۇنى مەشرەپ جازا ئويۇنلىرى ئىچىدىكى قاراتمىلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك ھەم كۆڭۈل كۆتۈرۈش، ھەم ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن ئۆگىتىش، ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە ئويۇن بولۇپ، بۇ ئويۇن تۆۋەندىكىدەك قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئورۇندىلىدۇ ۋە ئورۇندالسا تېخىمۇ كۈلكىلىك ھەم ياخشى تەربىيىلەش ئۈنۈمى يارىتالايدۇ دېگەن قاراشتىمەن. مەشرەپ سورۇنى تۈزۈلۈپ بىر پەس ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، كۈلكە ـ چاقچاقلاردىن كېيىن، شۇ سورۇندىكى قىزىقچىلاردىن بىرى سورۇنغا يىغى كەلگەن قىياپەتتە سورۇنغا ھاسراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كىلىدۇ.

قىزىقچى: داد! يىگىت بېشى داد! قازىبەگ، داد!
چاتاق بولدى! چاتاق بولدى!

مىرشاپ: ھە! نېمە چاتاق بولدى؟

قىزىقچى: دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، دېمىسەم دىلىم كۆيىدۇ.

مىرشاپ: تولا گەپ ئەگىتمەي دادىڭنى ئېيت!!!

قىزىقچى: بەگلىرىم، ساي مەھەللىدىكى سايىت سۇپۈرگە مەشرەپ ئەھلىنىڭ بىرى ئىدى، بايا مەن مەشرەپكە كېلىۋاتسام ئىككى مەزلۇم ئۇنى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ. تىڭشاپ باقسام بىرى ئۆز ئايالى، يەنە بىرى ئۆگەي ئايالى ئىكەن. دېمەك، سايىت سۇپۈرگىنىڭ ئۆز ئايالىدىن چېنىپ، ئۆگەي ئايالىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغىنى ئېنىق. شۇڭا بۇ ئىش پاش بولۇپ، ئىككى مەزلۇم سايىت سۇپۈرگىنىڭ ياقىسىدا گۆلەڭگۈچ ئۇچۇپتۇ. ئۇلارنىڭ جېدەلى ھازىرغىچە بېسىققىنى يوق. شۇڭا بۇ ئىشنى مەشرەپ ئەھلىگە مەلۇم قىلىشنى لايىق دەپ قاراپ ئالدىڭلارغا كەلدىم.

مىرشاپ: قازى بېگىم، سايىت سۇپۈرگىنىڭ بۇ قىلمىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولاركىن؟!

قازىبەگ: مىرشاپ، ئەھلى ئەدەپتىن تايغان سايىت سۇپۈرگىنى مەزلۇملىرى بىلەن قوشۇپ دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار!

(A، B ئىككى مەشرەپ قاتناشقۇچىسى سايىت سۇپۈرگە بىلەن «ئايالچە گىرىم قىلىۋالغان» مەزلۇملارنى ئالدىغا سېلىپ سورۇنغا ھەيدەپ كىرىش جەريانىدا)

سايىت سۇپۈرگە: (ۋايساپ تۇرۇپ) مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ مېنى مۇنداق جامائەتنىڭ ئالدىدا سازايى قىلغۇدەك نېمە قىلىپتىمەن؟ دەپ ھەر چىچاڭلايدۇ.

A: تولا سۆزلىمەي، ماڭ دېگەندىن كېيىن ماڭ. نېمە قىلغىنىڭنى ھېلى بىلىسەن.

B: (سايىت سۇپۈرگىنى نوقۇشلاپ تۇرۇپ) تولا گەدەنكەشلىك قىلماي ماڭغىلى سايىتاخۇن.

ئۆز ئايالى: مېڭىۋەرسىلە، سايىتاخۇن. ئاۋۇ ئۆگەي ئايالىرىنىڭ ئۆيىگە ماڭغاندەك سوكۇلداپ.

ئۆگەي ئايالى: ھويت سايىتاخۇن، پاتاڭلىرى تارتىشىپ، تىللىرى كالۋالىشىپ قالدىغۇ، تەرەتلىرى چالمىدى؟ نېمە دەيدۇ، ماۋۇ ئەسنىسە ئېڭەكلىرى چۈشۈپ قالىدىغان مومايلىرى؟

ئۆز ئايالى: ھويت، كۈنىگە بەش قېتىم گىرىم قىلمىسا تەلەتىگە قارىغىلى بولمايدىغان خېنىم، دادىلىرىدەك ئادەمنىڭ ساقىلىنى تاراپ، بۇرۇتىغا چالما تىزغۇچە ئۆز خىللىرىنى تاپسىلا بولمامدۇ؟

سايىتاخۇن: (زەردە گۇش بولۇپ) ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا، ئاغزىڭنى بىردەم يۇمۇشۇپ تۇرۇشساڭ بىرسى سەن خەقنى گاچا دەمتى؟

مىرشاپ: قازى بېگىم ئىككى خوتۇننىڭ ئارىسىدا قېلىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان سايىت سۇپۈرگىنى ئالدىلىرىغا تەق قىلدۇق، مەشرەپ ئەھلى سىزنىڭ دانا ھۆكۈمىڭىزنى كۈتمەكتە.

قازىبەگ: سايىت سۇپۈرگە كوچا دوقمۇشىدا جامائەتتىن ھېيىقماي، ئىككى مەزلۇم بىلەن نېمە جېدەل تېرىپ يۈرۈيسەن؟

سايىت سۇپۈرگە: شەيتانغا ئەسىر بوپتىكەن، گۇنا-

ھېمىدىن ئۆتىسىگىز!

قازىبەگ: سايىت سوپۇرگە، سەن دۆلىتىمىزنىڭ «نىكاھ قانۇنى»نى ئۆگەنمىگەنمۇ؟

سايىت سوپۇرگە: بۇ... بۇ... شۇ... شۇ...

قازىبەگ: قوش نىكاھلىق بولۇشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ؟

سايىت سوپۇرگە: ئەمدى، بۇ... بۇ... گۇناھقا مەھكۇمەن.

قازىبەگ: مىرشاپ!

مىرشاپ: لەببەي، بېگىم.

قازىبەگ: مىرشاپ، سايىت سوپۇرگىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئىككى مەزلۇم ئۈنىڭغا ئىككى خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ سازايىنى تارتقۇزسۇن.

مىرشاپ: قېنى، مەزلۇملار سايىتاخۇنغا دەيدىغان گېپىڭلار بارمۇ؟

ئۆز ئايالى: ئۆلۈپ ئايرىلىمىز دېگەنتىلە سايىتاخۇن، ماڭا بىر قارىسىلا (دەپ ئالدىن تەييارلىۋالغان قولىدىكى قارا كۈيىنى سايىت سوپۇرگىنىڭ يۈزىگە سۈركەيدۇ).

ئۆگەي ئايالى: پاختىكىڭىز بولاي، تورغىيىڭىز بولاي خېنىم، دەپ بوسۇغامدىن كەتمەيتتىڭىز، كۆزۈمگە بىر قاراڭا سايىتجان (دەپ قولىدىكى قارا كۈيىنى سايىت سوپۇرگىنىڭ يۈزىگە سۈركەيدۇ. ئىككى مەزلۇم سايىتاخۇنىڭ يۈزىنى قارا كۈيە بىلەن بوياپ، تونۇغۇسىز قىلىۋېتىدۇ، دەل مۇشۇ چاغدا)

يىگىت بېشى: سايىت سوپۇرگە قوش خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ جازاسىنى تېتىدىڭمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

سايىت سوپۇرگە: تېتىدىم، يىگىت بېشى، تېتىدىم. جامائەت ئالدىدا يۈزۈممۇ قارا بولدى، مۇمكىن بولسا قەدىناس ئايالىم بىلەن ئۆيۈمنى تۇتۇپ قالسام.

يىگىت بېشى: ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ. مىرشاپ، سايىت سوپۇرگە ئۆزىنىڭ قەدىناس ئايالىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتسۇن (سايىت سوپۇرگە ئۆز ئايالىنى ئېلىپ سورۇندىن ئايرىلىش ئالدىدا)

ئۆگەي ئايالى: سايىتاخۇن سوپۇرگە،
قارا سۈرتۈپ يۈزۈڭگە.
مېنى تاشلاپ كېتەمسەن؟
باشلىماستىن ئۆيۈڭگە.
ئاجىزلارنى ئالدىغان،
چىقان چىقسۇن تىلىڭغا.
ئوت تۇتىشار ئىلاھىم،
قىيامەتتە گۆرۈڭگە.

(دەپ يىغلاپ قارغىغان پېتى سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ)

ئومۇمەن ئالغاندا، مەشرەپ جازاسى «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» ئويۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكىللىرى خىلمۇخىل بولۇشىمۇ مۇمكىن. دېمەكچىمەنكى، مەشرەپ جازا ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەينەن ساقلىنىپ قالسىمۇ ئىجرا قىلىش شەكىللىرى ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتى ھېسابلانغان مەشرەپ جازا ئويۇنلىرى ئارقىلىق نۆۋەتتە جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزغا مۇخالىپ ناچار ئىللەتلىرىمىزنى دادىل پاش قىلىپ، مىللىي ئەخلاقىمىزنى ئەسلىدىكى ساغلاملىق ھالىتىگە كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ئىزاھات:

(بۇ مەشرەپ يېزىلاردا ئوينالغاندا ھەجۋىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىككىنچى ئايال «ئۆگەي خوتۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئەينەن «ئۆگەي خوتۇن» دەپ ئېلىندى).

**ئەسكەرتىش:**

**ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرغۇنجان ئىمىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2006 ـ يىللىق گۈزەل ـ سەنئەت چوڭلار مائارىپ تولۇق كۇرس سىنىپىدىن ئالىمجان ئابلەت، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن ئابدۇللا ئۆمەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئابلىز ئابدۇللا، قومۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشتىن توختىخان ئىسمائىللار تەمىنلىگەن.**



# قەدىمقى كۇچالىقلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى

مۇھەممەت شاۋۇدۇن



كىيىم - كېچەك ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇستۇبېشىنى زىننەتلەشتىن باشلانغان. كۇچادىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، كۇچادا ئاز دېگەندىمۇ تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ئادىمزات ياشىغانلىقى مەلۇم. ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبىي 1958 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە كۇچا يېڭىشەھەرنىڭ غەربىدىكى قارا دۆڭ خارابىسىنى قازغاندا، دۆڭنىڭ شىمالىدىن 33 ساپال كوزا چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ئورغاق، بىلەي تاش، تاش ئۈچكە، تاش يىپ ئىگىرىش چاقى قاتارلىق تاش قوراللار، سۆگەك بىگىز، سۆگەك يىڭنە، سۆگەك چاچ زىقچىسى، سۆگەك ئوق ئۇچى، سۆگەك زىبۇ - زىننەت قاتارلىق سۆگەك سايمان - جابدۇقلار، ساپال جام، ساپال تاۋاق، ھېجىر قاتارلىق ساپال قاچىلار بار. بۇلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ۋە 1 - ئەسىرگە تەئەللۇق تاش قورال - جابدۇقلار دەپ قارالغان. بۇلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن كۇچالىقلارنىڭ تاشتىن ياسالغان بۇيۇملار بىلەن ئۇستۇبېشىنى زىننەتلەپ، تۇرمۇشىنى گۈزەللەشتۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تاش يىپ ئىگىرىش چاقى، سۆگەك يىڭنە، سۆگەك بىگىز، سۆگەك چاچ زىقچىسى، سۆگەك زىبۇ - زىننەتلەر كۇچالىقلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقارغانلىقى ھەم كىيىم تىكىپ كىيگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن، كۇچانىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىن باشلانغان ناھايىتى تارىخى ئۇزاق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە (مىلادى 220 - 265 ، 265 - 420 ، 420 - 599 - يىللار) كۇچادا سودا - سېتىق گۈللىنىپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، بۇددا دىنى ئەۋج ئالغان، مەدەنىيەت راۋاجلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى پاراۋان بولغان. بۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ كىيىم - كېچەك، ئېگىن - ئاياغلارنىڭ ئاددىي ھالدا بەدەننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئاساسىي ئىقتىدارى ئۆزگىرىپ، كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولغان. خان ۋە خان جەمەتىدىكىلەر، ئاقسۆڭەكلەر، روھانىيلار (راھىبلار) ۋە ئاۋام خەلقنىڭ كىيىم - كېچەك، ئېگىن - ئاياغلىرى كۆپ خىللاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئورۇن - مەرتىۋە، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ھەر خىل تەبىقە، قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، ئېگىن - ئاياغلارنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان تەلىپى ئاشقان. نەتىجىدە، كۇچانىڭ كىيىم - كېچەك، ئېگىن - ئاياغلىرى تېخىمۇ گۈزەللىكنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ، كۇچا خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئىجادكارلىقنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر كۇچا



قىزىل مىڭئۆي 80 ـ غاردىكى كۇچالىق قىزنىڭ رەسىمى

خانلىرى ۋە خەلقىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئېگىن ـ ئاياغلىرى توغرۇلۇق «جىننامە، يات قوۋملار خاتىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «كۇچا ئېلىدە... ئەر ـ ئاياللار گەدىنىگە چۈشكىچە قىرقىم چاچ قويىدۇ». «ۋېينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «كۇچا ئېلىدە پادىشاھ بېشىغا گەدىنىگە چۈشكىچە لېنتا ئوراپ، ئالتۇن شىر شەكىللىك كارىۋاتتا ئولتۇرىدۇ» دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە، غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ كۇچا ئېلى بابىدا، «كۇچا خانلىقىدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى قىسقا چاچ قويىدۇ، پەقەت كۇچا پادىشاھىنىڭ چېچىلا قىسقا ئەمەس. ئۇنىڭ پادىشاھى بېشىغا كىمخاپتىن تىكىلگەن بۆك، ئۇچىسىغا كىمخاپ تون كىيىپ، بېلىنى ئالتۇن كەمەردە باغلايدۇ. ئالتۇن شىر تەختتە ئولتۇرىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بەزى كىتابلاردا، «كۇچا پادىشاھى بېشىغا لېنتا ئوراپ، ئۇچىسىغا كىمخاپ تون كىيىپ، ياقۇت كەمەر باغلاپ، ئالتۇن شىر شەكىللىك تەختتە ئولتۇراتتى» دېيىلگەن («كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى» 708 ـ بەت، «كۇچا مىڭئۆيلىرى» 379 ـ بەت).

كۇچا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى قىرقىم چاچ قويىدىغان، پەقەت پادىشاھلا چېچىنى كەسمەيدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن رەسىملەر خېلى كۆپ. كۇچا مىڭئۆيلىرىدىكى تاڭ دەۋرىگە ئائىت رەسىملەردە ئاياللارنىڭ بەدىنىگە چىپ كېلىدىغان تار ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان قىياپىتى تەسۋىر قىلىنغان. چاچ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ چاچ شەكلى ھەر خىل، بۇنىڭ ئىچىدە ئاچماق شەكىللىك، جۈپ ھالقا شەكىللىك، دىڭگىيىپ تۇرغان تىك شەكىللىك، پەرىزات شەكىللىك ئۇيغۇرچە چاچ شەكىللىرى، ماڭلاي چېچىغا گۈل قىسقان، قۇلاقلىرىغا ھالقا، سۆكە، زىرە، سىرغا ئاسقان، بوينىغا رەڭگارەڭ سۆڭەك مارجان ئاسقان ۋە باشقا چاچ زىننەتلەش شەكىللىرى بار.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (618 ـ 907 ـ يىللار)گە ئائىت كۇچا مىڭئۆيلىرىدە گەرچە بۇددا دىنى تەرغىب قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇلار كۇچانىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى ئاياللار ئوبرازىنىڭ ئەكس ئېتىشى.

كىيىم ـ كېچەك قەدىمقى كۇچا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزگە قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ كىيىنىش ئادىتى، تۇرمۇش شەكلى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. كۇچادىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قەدىمكى دەۋرلەردىكى كۇچالىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت يادىكارلىقلار، بولۇپمۇ، كىيىم ـ كېچەككە مۇناسىۋەتلىك توقۇلما بۇيۇم قاتارلىق نەرسىلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن، تاشتىن ياسالغان پالتا، بىگەن، ئوغۇر، يارغۇنچاق، ھالقا، ساقا، ھاۋانچا، تۈگمە، دۈۋەت، قاشتېشى ھالقا، قىزىل ھېقىق، بىريوزا؛ لايدىن ياسالغان چاچ تۈرگۈچ، ياغاچ تاغاق، كاناپ، تامغا، سۆڭەك گەز، زەخمەك، گەجدىن ياسالغان بۇددىزىم سايمانلىرى، قېلىپ، مارجان؛ توقۇلما بۇيۇملاردىن يىپەك، تاۋار،

ماتا، داكا، ئۈزۈن كۆڭلەك، كالتا چاپان، رومال، ياستۇق قېپى، پاختىلىق قۇلاقچا، پاختا يىپ، ھەميان، خالتا، كىگىز پارچىسى، گۈللۈك ياغلىق قاتارلىقلار؛ ساپال چاقچۇق بۇيۇملاردىن كاھىش، ساپال خىش، ھالقا، چەينەك، ھىجىر، كومزەك، كوزا، كۈپ (ئىدىش)، كاناي، شىشە، تۈگمە، ھەيكەل، سۇ قاچىسى، نو، مارجان، تۇۋاق، چىنە، لوڭقا، جەسەت كۆلى قۇتىسى، چاقچۇق پارچىسى؛ مېتال بۇيۇملاردىن تۆمۈر مىخ، تۆمۈر نەيزە، تۆمۈر پارچىسى، تۆمۈر داشقىلى، تۆمۈر كالتەك، تۆمۈر دەستە، تۆمۈر قازان، تۆمۈر كوزا، تۆمۈر ھالقا، تۆمۈر ئوق ئۇچى، تۆمۈر دۇبۇلغا، مىس داشقىلى، مىس پارچىسى، ياپىلاق مىس، مىس يىڭنە، مىس مىخ، مىس ھالقا، مىس لوڭقا، مىس دۇمباق، مىس قازان، مىس ئارا، مىس ئىلمەك، مىس تامغا، مىس دۇۋەت ئېغىزى، ئولتۇرغان مىس بۇت، مىس چاچ تۈگكۈچ، مىس ئەلەم ئۇچى، مىس قالپاق توپچىسى، مىس ئۈزۈك، كۈمۈش ئۈزۈك، كۈمۈش بىلەزۈك، ئالتۇن يالىتىلغان مىس تاياقچە، ئالتۇن يالىتىلغان مىس شەپقەت مەبۇدىسى، تىللا، تەڭگە، يارماق قاتارلىقلار؛ ئۈنىڭدىن باشقا خىش پارچىسى، تەسۋى، چىگە ئارغامچا، تېرە پايپاق، ئۆتۈك، كالاچ، قۇلۇلە بېزەك، بوياق، چىرىمتال، كالا مۈڭگۈزى، بۇغا مۈڭگۈزى، كالا تېرىسى قاتارلىقلار بار. بۇلار كۇچا خەلقىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردە ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ دەلىلى.

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە كۇچا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن قارىغاندا، كۇچالىقلارنىڭ قەدىمكى كىيىم ـ كېچەك، ئېگىن ـ ئاياغلىرىنىڭ خىلى ۋە شەكلى ئىنتايىن كۆپ بولغان. ئۇلار كىيىنىش ۋە ياسىنىشقا ناھايىتى ئېتىبار بېرىپ، ئۆزلىرىگە يارىشىملىق ھەر خىل، رەڭدار كىيىملەرنى كىيگەن. ئۇلار كىيىنىش ۋە ياسىنىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ بېزىلىشىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. كىيىم ـ كېچەكلەرنى ھەر خىل ھۈنەر ـ سەنئەت شەكلى بىلەن بېزەپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن. كىيىم ـ كېچەك بىلەن ھەر خىل بېزەك بۇيۇملىرى ۋە شەكىللىرىنى بىر گەۋدە قىلىپ، كۇچا كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە خاس گۈزەللىككە ئىگە قىلغان. كۇچا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن قارىغاندا، كۇچالىقلار كۆپرەك ھەر خىل تاج، بۆك، دوپپا، كىمخاپ دوپپا، ئۇچلۇق دوپپا، تۇماق، پاختىلىق قۇلاقچا قاتارلىق باش كىيىملەرنى؛ تون (چامچا)، چاپان (كەمزۇل)، نىمچا، ئۇزۇن كۆڭلەك، كالتە كۆڭلەك (بۇگۈنكى كۈندىكى ئايالچە كالتە كۆڭلەك ـ كوپتا)، تۇتاش مۇرىلىك قارا پەرىجە، قىيپاش يېپىنچا، يوپكىسىمان ئېتەكلىك تامبال، قىزىل كەمزۇل، ئاق ئىشتان، شالۋۇر، تامبال، قىزىل ئىشتان، قىزىل تاۋار نىمچا، ئەستەرلىك چاپان، گەلەپى شەكىلدىكى كۆپتۈرمە يوتىلىق ئىشتان، ئېغى يوق ئىشتان، جۇۋا قاتارلىق كىيىملەرنى، ئۆتۈك قاتارلىق ئاياغ كىيىملىرىنى كىيگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار كىيىمگە ماسلاشتۇرۇپ خەنجەر، شەمشەر، پىچاق، بەلۋاغ، پوتا، لېنتا، ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، مارجان، بىلەزۈك، ھالقا، سۆكە، چاپەش (چاچ ئورايدىغان تۈگكۈچ، چاچ سالىدىغان ئىلىكتەللە)، تىزلاپچا، بويۇنچاق، ماڭلايلىق، مۇرىلىك، زەنجىر، قاشتېشى مارجان، چەمبەر، كەمەر، ئاق تاش مارجان، ھەميان، قۇلۇلە بېزەك، رومال، گۈللۈك ياغلىق، تېرە پايپاق، گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن ئۈزۈن شارپا، ياستۇق قېپى، غىلاپ، يۇملاق چۈچىسى بار بېزەك بۇيۇمى، تاغاق، چاچ تۈگكۈچ، چاچ



قىزىل مىڭئۆي 1 ـ غاردىكى كۇچالىق ساخاۋەتچى



*قىزىل مىڭئۆي 123 ـ غاردىكى ئەرەنچە كىيىنگەن كۇچالىق ئايال ساخاۋەتچى*

زىقچىسى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ۋە تۇرمۇش لازدەتلىكلىرىنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ يارىشىغى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىيىنىش ۋە ياسىنىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا تىرىشقان. بۇنىڭدىن، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە، بولۇپمۇ، سۆلەت ـ سالاپەتكە نەقەدەر ئېتىبار بەرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «بىر خىسلەت ئۆزدە، توققۇز خىسلەت توندا» دېگىنى بەلكىم ئەزەلدىن كىيىنىش، ياسىنىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن باي، گۈزەل تۇرمۇشنىڭ يەكۈنى بولسا كېرەك.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالى سۇلالىلەر دەۋرىدە كۇچا توقۇمىچىلىق مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. كۇچانىڭ كىمخاپى ئىنتايىن شۆھرەت قازانغان (««كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» 5 ـ بەت). شۇڭا، كۇچانىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە كىمخاپ كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن قالسا گۈللۈك رەخت، تاۋار، يىپەك رەخت، ئاق بوز رەخت، ماتا، داكا قاتارلىق توقۇلما بۇيۇملىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن.

ئاق تاۋاردا نىمچە كىيدىم، تۈگمىسى قاتار ـ قاتار،
تۈگمىسىنى يەشكۈچە توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتار.

خەلق ئارىسىدا مانا مۇشۇنداق بىر بېيىت بار. مەن بۇ بېيىتنى كىچىكىمدە بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەن چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايدىغان. مېنىڭچە، بۇ بېيىت ئەينى ۋاقىتتا پىلىچىلىك بالدۇر باشلىنىپ، توقۇمىچىلىق راۋاجلانغان، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى گۈللەنگەن كۇچادا قەدىمدىن كېلىۋاتقان كىيىنىش شەكلى ۋە كىيىنىش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولمىسا كېرەك.

كۇچالىقلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىكى بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شۇكى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ نۇسخىسى (پاسونى) كۆپ خىل بولغانلىقى ئۈستىگە ئۇنىڭ شەكلى، گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ يارىشىملىق قىلىش ئۈچۈن، ھەر خىل كەشتىلەش، ياقا، پەش، ئېتەك، يەڭنىڭ ئۇچى ۋە پۇشقاقلارغا جىيەك تۇتۇش، گۈل چىقىرىش، زىغزىق چىقىرىش، ياقا، پەش، ئېتەك پۇشقاقلارنى قايرىما، كانايچە، قاتلاق قىلىش، پۇرمىلىك قىلىش، قوش ئېتەكلىك قىلىش قاتارلىق ھۈنەر سەنئەت شەكىللىرىنى ئىشلەتكەن. نەتىجىدە، كىيىم ـ كېچەكلەر ئاددىي، سىدام، بىر خىللىقتىن مۇرەككەپ، رەڭدار، كۆپ خىل بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىپ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇلار ئەينى زاماندىكى كۇچالىقلارنىڭ تۇرمۇش تەلىپى، بولۇپمۇ، كىيىنىش، ياسىنىش جەھەتتە كىيىم ـ كېچەككە قويىدىغان ئېستېتىك تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كۇچا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى خان ۋە خان جەمەتىدىكىلەر، ئاقسۆڭەكلەر، روھانىيلار (راھىبلار)، سەنئەتكارلار، پالۋانلار ۋە ئاۋام خەلقنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئىبارەت بىر نەچچە چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

**1) خان ۋە خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى**

قىزىل مىڭئۆينىڭ 67 ـ ، 69 ـ ، 171 ـ ، 175 ـ ،

M I R A S

199 ـ ، 205 ـ غارلىرى ۋە قۇمتۇرا مىڭئۆينىڭ 23 ـ غارى ھەم ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قېزىلغان 75 ـ ، 79 ـ نومۇرلۇق غارلىرى، قىزىل قاغا مىڭئۆينىڭ 11 ـ ، 14 ـ غارلىرىدا كۇچا خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ رەسىملىرى كۆپرەك. 69 ـ غاردىكى رەسىمدە كۇچا پادىشاھى ئۇزۇن چاچ قويغان، بېشىغا تاج تاقاپ، ئۇستىگە بۆك كىيگەن، ئۇچىسىغا يوللۇق رەختتىن تىكىلگەن تون كىيگەن، تونىڭ ئىچىگە ئويما ياقىلىق ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن. تونىڭ ياقىسى ئاچماق شەكلىدە (ياكى تونچە ياقا)، يېڭى كالتە بولۇپ، جەينىكىگە كەلگەن. يېڭىنىڭ ئۇچى كانايچە بولۇپ، تونىڭ ياقىسى، ئالدى، ئارقا پەش ۋە يېڭىنىڭ ئاغزىغا ناھايىتى چىرايلىق گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. پادىشاھنىڭ بېلىگە يۇملاق مېتال ھالقىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان شاھانە كەمەر باغلانغان، كەمەرگە غىلاپلىق خەنجەر ئېسىلغان. خانىشنىڭ قۇلىقىغا ھالقا، بوينىغا زەنجىر ئېسىلغان. باشچىلاپ كىيىدىغان كالتە يەڭلىك چاپان كىيگەن. چاپاننىڭ بېلى تار بولۇپ، خانىشنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى پادىشاھنىڭ تونىنىڭ يېڭىگە ئوخشايدۇ. چاپان يۇملاق ئويما ياقىلىق بولۇپ، يەڭ ئاغزى، ئالدى، ئارقا پەش ۋە ياقىسىغا گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان، چاپاننىڭ ئىچىگە يېڭى ئۇزۇن ۋە بوغما يەڭلىك، كەڭرەك ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلەكنىڭ ئېتىكىگە كەڭ پۇرمە چىقىرىلغان.

قىزىل مىڭئۆينىڭ مىلادى 7 ـ ئەسىردە قېزىلغان 199 ـ غارىدىمۇ كۇچا پادىشاھى تەسۋىر قىلىنغان. ئۇنىڭدا پادىشاھ يالاڭۋاش بولۇپ، قىزغۇچ چېچىنىڭ ئارقىسىغا لېنتا ئېسىۋالغان، ئۇچىسىغا ئۇچبۇلۇڭ شەكىلدىكى قوش قايرىما ياقىلىق، كالتە يەڭلىك تون كىيگەن. تونىنىڭ مۇرىسىدە قوش قاناتلىرىغا ئوخشايدىغان مۇرىلىك بولۇپ، تون مۇرىسىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ. تونىنىڭ يېڭىنىڭ ئۇچى تار بولۇپ، ئاغزى كەڭ ئېچىلغان كانايچە شەكىلدە. ئۇنىڭ ئالدى، ئارقا پەش، يەڭ ۋە ياقىلىرىغا ھەر خىل رەڭلىك رەختلەردىن جىيەك تۇتۇلغان. پادىشاھنىڭ بېلىگە تەڭگىسىمان مېتال تۇتاشتۇرۇلغان شاھانە كەمەر باغلانغان بولۇپ، كەمەرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قىسقا غىلاپلىق پىچاق ئېسىلىپ، غىلاپقا بىر لېنتا چىگىلىپ، ئىككى ئۇچى ساڭگىلىتىپ قويۇلغان. پادىشاھ سەل ئارقىغا ئېسىلغان ئۇزۇن شەمشىرنىڭ دەستىسىنى ئوڭ قولىدا چىڭ تۇتۇۋالغان، شاھانە كەمەرنىڭ سول قول تەرەپتىكى ھالقىسىغا سىكتاي ئۇسلۇبىدىكى قىسقا خەنجەر ۋە بېلىق شەكلىدە قاتلانغان بىر قولياغلىق ئېسىلغان، پادىشاھ تار پۇشقاقلىق ئىشتان، پۇتىغا ئاياغ كىيگەن، پادىشاھنىڭ كەينىدە تۇرغان ئىككى كىشى ئوخشىمايدىغان گۈللۈك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن بولسىمۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن قىزغۇچ چاچلىرى دولىسىدىن ئاشىدۇ، چېچىنىڭ ئۇچىغا ھەر خىل رەختلەردىن تەييارلانغان چىرايلىق لېنتا چىگىلگەن، چاچلىرىنى پادىشاھنىڭكىگە ئوخشاش تارىۋالغان، بويۇنلىرىغا مېتال چەمبىرەك ئېسىلغان. ئۇلار قوش قايرىما ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك تون كىيگەن، بەللىرىگە پادىشاھنىڭكىگە ئوخشاش كەمەر باغلىغان، كەمەرلىرىگە بېلىق شەكلىدە قاتلانغان قولياغلىق، قىسقا خەنجەر، پىچاق ئېسىۋالغان. تېگىگە ئىشتان، پۇتىغا ئاياغ كىيگەن.

قىزىل مىڭئۆينىڭ 205 ـ غارىدا كۇچا پادىشاھى تۇتكا بىلەن خانىشنىڭ رەسىمى بار. رەسىمدە، كۇچا پادىشاھى يالاڭۋاش بولۇپ، چېچىنى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىپ تارىغان. چېچىنىڭ ئارقىسىغا گەدىنىگە چۈشكىچە يېپەك لېنتا چىگىلگەن. پادىشاھ كالتە يەڭلىك، تونچە ياقىلىق تون، ئىچىگە يۇملاق ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن، بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ، ئۇنىڭغا غىلاپلىق ئۇزۇن شەمشەر ئاسقان، سول قولىدا يېنىدىن ئايرىمايدىغان كىچىك خەنجىرىنى چىڭ تۇتقان، ئوڭ قولىدا چىراغپاي كۆتۈرۈۋالغان، تار ئىشتان، پۇتىغا ئاياغ كىيگەن. خانىش بېشىغا تېرىدىن تىكىلگەن قاسقانسىز يۇملاق تۇماق كىيىپ، چېچىنى ئارقىسىغا قويۇۋەتكەن، ماڭلاي چاچلىرىنى تال ـ تال ئۆرۈپ ئارقىسىغا تاشلىۋالغان، پېشى ۋە يېڭىنىڭ ئاغزى كانايچە شەكىلدىكى قوش قايرىما ياقىلىق چاپان كىيگەن. چاپاننىڭ ئىچىگە بەدەنگە چىپ كېلىدىغان ئۇزۇن يەڭلىك، ئويما ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن.

قۇمتۇرا مىڭئۆينىڭ 23 ـ غارىدا خان جەمەتىدىكىلەر تەسۋىر قىلىنغان. بۇنىڭدا پادىشاھ يالاڭۋاش بولۇپ، چېچىنى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىپ تارىغان. ئۇچىسىغا كالتە يەڭلىك، ئۇچبۇلۇڭ شەكىلدىكى قوش قايرىما ياقىلىق تون كىيىپ، بېلىگە يۇملاق ھالقىلارنى تۇتاشتۇرۇپ ياسىغان مېتال كەمەر باغلىغان، كەمەرگە ياغلىق ۋە قىسقا خەنجەر ئېسىۋالغان. دولىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇچبۇلۇڭ شەكىللىك مۇرىلىك بار، ئۇ تونىنىڭ مۇرىسىدىن



*قىزىل مىڭئۆي 69 ـ غاردىكى كۇچا پادىشاھى بىلەن خانىشىنىڭ رەسىمى*

قاناتقا ئوخشاش چىقىپ تۇرىدۇ. توننىڭ ئىچىگە ئۆرە ياقىلىق، ئالدى ئېتىك ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن. توننىڭ ئالدى، ئارقا پەشلىرى، ياقا ۋە يەڭلىرىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. تېگىگە ئىشتان، پۇتىغا ئاياغ كىيگەن. بۇ رەسىمدە خانىش يالاڭۋاش بولۇپ، ئۇزۇن چېچىنى ئارقىسىغا تاراپ لېنتا چىگىۋالغان. ئۇچىسىغا ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدىكى قوش قايرىما ياقىلىق، كالتە يەڭلىك چاپان كىيگەن، چاپاننىڭ ئىچىگە ئويما ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن، ئىككى قولىدا رەختتىن تىكىلگەن بىر بويۇن بېزەك لېنتىسى تۇتۇۋالغان.

يۇقىرىقى غاردىكى يەنە بىر رەسىمدە ئۈچ ئەر كىشى تەسۋىر قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالاڭۋاش، قىسقا چاچلىق، چاچلىرىغا گۈللۈك لېنتا چىگىۋالغان، ئۇچىسىغا ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدىكى، ئوڭ تەرەپكە ئېچىلغان تاق قايرىما ياقىلىق تون كىيىپ، بېلىگە كەمەر باغلاپ، كەمەرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قىسقا خەنجەر، سول تەرىپىگە ئۇزۇن غىلاپلىق شەمشەر ئاسقان. ئۇلاردىن ئىككىسى گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن تون كىيگەن.

قىزىل قاغا مىڭئۆيىنىڭ 11 ـ، 14 ـ غارلىرىدىمۇ كۇچا خان جەمەتىنىڭ رەسىملىرى بار. بۇنىڭدىكى پادىشاھنىڭ رەسىمى خېلى مۇكەممەل ساقلانغان. پادىشاھ يالاڭۋاش بولۇپ، چېچىنى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئايرىپ، ئۇزۇن لېنتا چىگىۋالغان، لېنتا بېلىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. پادىشاھ ئۇچىسىغا كالتە يەڭلىك قوش قايرىما ياقىلىق تون كىيگەن، توننىڭ مۇرىلىكى بار، بېلىگە مېتال ھالقىلار تۇتاشتۇرۇلغان كەمەر باغلانغان. كەمەرنىڭ ئوڭ قول تەرىپىگە ئۇزۇن غىلاپلىق شەمشەر، قىسقا خەنجەر ۋە قولياغلىق ئېسىلغان. توننىڭ ئىچىگە يۇمىلاق ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك، ئالدى ئېتىك كۆڭلەك كىيگەن، ئىككى قولىدا رەختتىن تىكىلگەن بويۇن بېزەك لېنتىسى تۇتقان. تېگىگە تار پۇشقاقلىق ئىشتان كىيگەن. خانىش چېچىنى تۈگۈپ (بانتىلاپ) ئېگىز تۇرمەكلىگەن ۋە كۆك رەڭلىك جاۋاھىرات بىلەن چىرايلىق زىننەتلىگەن. ئۇچىسىغا ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدىكى، قوش قايرىما ياقىلىق كالتە يەڭلىك چاپان كىيگەن. چاپاننىڭ ئىچىگە يۇمىلاق ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك ئىچ كۆڭلەك كىيىپ، بويىنىغا زەنجىر ئاسقان، چاپان چەمبەر شەكىللىك گۈل چۈشۈرۈلگەن رەختتىن تىكىلگەن بولۇپ، پېشىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. خانىش ئوڭ مۇرىسىدىن سول بېقىنىغا، سول مۇرىسىدىن ئوڭ بېقىنىغا گىرەلەشتۈرۈپ ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى تىزىق مارجان ئېسىۋالغان. ئۇ تېگىگە يېشىل رەڭلىك رەختتىن تىكىلگەن كەڭ ئىشتان كىيگەن، ئىشتاننىڭ پۇشقىقىغا چەمبەر ۋە رومبا شەكىللىك نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن جىيەك تۇتۇلغان.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، خان ۋە خان جەمەتىنىڭ كىيىنىش ئادىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى بىر خىل دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

**2) ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى**

كۇچا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى قىزىل مىڭئۆينىڭ يېڭى 1 ـ نومۇرلۇق غارى، 8 ـ، 69 ـ، 104 ـ، 118 ـ، 189 ـ، 199 ـ، 207 ـ غارلىرىدا، قۇمتۇرا مىڭئۆينىڭ ئېقىن ئىچى رايونى 1 ـ غارى، قىزىل قاغا مىڭئۆينىڭ 30 ـ غارلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ ئاقسۆڭەك ساخاۋەتچىلەر كۇچا خانلىقىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. قىزىل مىڭئۆي 189 ـ غارىنىڭ سول تەرىپىگە ئۈچ نەپەر ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۇلار قايرىما ياقىلىق، قاتلىما پەشلىك، تار يەڭلىك تون كىيگەن، بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان. بەزى تونلارنىڭ قىيپاش چاقماق گۈلى بار، بەزى تونلارنىڭ ياقا ئاغزى، پەشلىرىگە ھەر خىل رەڭلىك جىيەك تۇتۇلغان، بەزى تونلارنىڭ چېكىتسىمان گۈلى بار

بولۇپ، بەكمۇ يارىشىملىق، پۇزۇر كۆرۈنىدۇ. ئۇلار بېلىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە بىر قىلىچ ۋە بىر پىچاق ئاسقان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، ئۇلار ئىككى قولىنى جۈپلەپ، بىر تال ئۇزۇن غوللۇق گۈل تۇتۇپ تۇرىدۇ.

قىزىل مىڭئۆينىڭ يېڭى 1 ـ غارىدىكى رەسىمدە بىر ساخاۋەتچى ئۇچىسىغا قايرىلما ياقىلىق، قاتلىما پەشلىك جىيەك تۇتۇلغان تار يەڭلىك تون كىيگەن، چېچى كىمخاپ ياغلىق بىلەن چىگىلگەن. گەدىنىدە باش ياغلىقى لەپىلدەپ تۇرىدۇ. بېلىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە بىردىن قىلىچ، پىچاق ئېسىلغان. ئۇ بىر قولى بىلەن يېنىۋاتقان بىر چىراغنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قىزىل مىڭئۆينىڭ 104 ـ غارىدىكى ساخاۋەتچىلەر قايرىلما ياقىلىق، قايرىما پەشلىك، تار يەڭلىك تون كىيگەن، بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان، ھەممىسىنىڭ چېچى گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ.

قۇمتۇرا مىڭئۆينىڭ 46 ـ غارىدىكى ساخاۋەتچىلەر قايرىما ياقىلىق، قاتلىما پەشلىك، تار يەڭلىك تون كىيگەن، بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رەختى قېلىنىدەك بىلىنىدۇ. بەزىلىرىنىڭ رەڭگى تۇم قارا، بىراق كۆپىنچىسى ئېگىز ئاق چاقماق يوللۇق ياكى باشقا رەڭدە بولۇپ، ياقىلىرى ۋە پەشلىرىگە ھەر خىل جىيەك تۇتۇلغان، تولىمۇ سۆلەتلىك، پۇزۇر كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر قولى بىلەن قىلىچنى تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن يېنىۋاتقان چىراغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

قىزىل مىڭئۆينىڭ 104 ـ غارىدىكى رەسىمدە ساخاۋەتچىلەر قايرىما ياقىلىق، قايرىما پەشلىك، تار يەڭلىك تون كىيگەن، بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان. ھەممىسىنىڭ چېچى گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى قولىدا لىق يېمەكلىك قاچىلانغان تاۋاقلارنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى بىر تالدىن نىلۇپەر گۈلى تۇتقان، يۈزى ياپىلاقراق سوقچاق ياكى دۈگىلەك سىزىلغان، قاشلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، كۆزلىرى دۈپدۈگىلەك، ئاغزى سەل ـ پەل ئېچىلغان.

**3) ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى**

كۇچا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئاددىي پۇقرا قىز ـ ئاياللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ تەسۋىر قىلىنغان. قىزىل مىڭئۆينىڭ 76 ـ غارىدا بۇددىزىم ھېكايىلىرىدىكى ئايال ئالۋاستى مارا ئوبرازى بار. ئۇ كۇچاچە كىيىنىپ سۈرەتلەنگەن. ئۇ ئۇچىسىغا تىك ياقىلىق، كالتە يەڭلىك، بىر ئىزمىلىك كالتە چاپان، ئىچىگە كۆڭلەك كىيگەن. قىزىل مىڭئۆينىڭ 80 ـ غارىدىكى سەۋەب ـ تەقدىر ھېكايىسىدىكى كۇچالىق قىزنىڭ كىيىنىشى ئۆزگىچە. ئۇ ياڭاۋاش، چېچىنى ئۆرۈپ ئارقىسىغا تاشلاپ لېنتا چىگىۋالغان، ئۇچىسىغا قوش قايرىما ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك چاپان، چاپاننىڭ ئىچىگە بەدىنىگە ھەم كېلىدىغان ئويما ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن، چاپاننىڭ ياقا، ئالدى پەش ۋە يەڭ ئۇچىغا نىلۇپەر گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. يەنە قىزىل مىڭئۆينىڭ 118 ـ غارىدا ئىككى نەپەر كۇچالىق ئايال ئوبرازى بار. ئۇلار ئۇچىسىغا تونچە ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك چاپان كىيىپ، چاپاننىڭ بېلىگە كەمەر باغلىغان. چاپاننىڭ ياقا، پەشلىرىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. ئۇلاردىن بىرى ئىچىگە ئۇزۇن كۆڭلەك، يەنە بىرى ئىشتان كىيگەن، چاچلىرى ئۇزۇن، بىرسى بىر دەستە گۈل تۇتقان. شۇ غاردا يەنە يەڭسىز، ئىككى مۈرىسىدىن ئىزمىلەنگەن، بەدىنىگە چىپ كېلىدىغان تار كالتە كۆڭلەك (بۈگۈنكى كۈندىكى كوپتا)، تۆۋىنىگە يوپكا كىيگەن مارانىڭ رەسىمى بار. بۇنداق كىيىنىش قىزىل مىڭئۆينىڭ 212 ـ غارىدىمۇ ئەكس ئەتكەن. قىزىل مىڭئۆينىڭ 17 ـ ئەسىردە قېزىلغان 123 ـ غارىدىكى سەۋەب ـ تەقدىر ھېكايىسىدىكى كۇچالىق ساخاۋەتچى ئايال ئەرلەرگە ئوخشاش كىيىنىپ، ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك تون كىيگەن، بېلىگە كەمەر باغلىغان، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن. يەنە بىر رەسىمدە بىر ئايال كالتە چاپان، ئىچىگە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن. قۇمتۇرا مىڭئۆينىڭ ئېقىن ئېغىزى رايونىدىكى 17 ـ غاردىكى رەسىملەردىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق كىيگەن ئاياللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**4) روھانىيلار (بۇددساتۋا، راھىبلار)نىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى**

قىزىل مىڭئۆينىڭ 38 ـ غارىدا مايترىنىڭ چاسا تەختتە ئولتۇرۇپ بۇددساتۋاچە پەرداز قىلىۋاتقان رەسىمى بار. رەسىمدە مايترى بېشىغا تاج تاقىغان، بېلىنىڭ ئۈستى يالىڭاچ، بويىنىغا مارجان، مەيدىسىگە لېنتا، مارجان ئاسقان. قولىغا ئالتۇن بىلەزۈك، قاشتېشى بىلەزۈك تاقىغان. ئۇنىڭ يېنىدىكى بۇددساتۋالارنىڭ ھەممىسى گۆھەر تاج تاقىغان، ئۈستىگە كەشتىلەنگەن كۆڭلەك كىيگەن، ئۈستىۋېشىغا ئۈنچە ـ مەرۋايىت، مارجان، ئېسىل لېنتا، بىلەزۈك، ھالقا قاتارلىق بېزەكلەرنى ئاسقان. پۈتۈن ئۈستىۋېشى قىممەت باھالىق ئېسىل جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان بولۇپ، تولىمۇ پۇزۇر ھەم دۆلەتمەن كۆرۈنىدۇ. قۇمتۇرا

مىڭئۆي 45 ــ غارىدىكى ئاۋالو كېتىشۇارا بۇدساتۋا چىچىنى ئېگىز قىلىپ تۇگۈۋالغان، بېشىغا ساماۋى مارجان، قول بېغىشىغا بىلەزۈك تاقىغان، قولىغا نىلۇپەر گۈلى تۇتقان. ئۇچىسىدىكى كاسايا لەپىلدەپ تۇرىدۇ.

قىزىل مىڭئۆي 123 ــ غارىدىكى رەسىمدە تەسۋىر قىلىنغان ساخاۋەتچى بۇدساتۋا بەك چىرايلىق كىيىنگەن. بېشىغا تاج تاقىغان، تاجدا مەرۋايىت تىزمىسىدىن ياسالغان بەش ھالقا بار، يەنە پېشانىسىگە ئۈچ قۇر مەرۋايىت ئېسىلغان، قۇلاقلىرىغىمۇ ئالتۇن ھالقا، سەدەپ تاقىغان، پۈتۈن ئەزايىدىن ئېسىلزادىلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

5) سەنئەتكارلارنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرى

قىزىل مىڭئۆي 77 ــ غارنىڭ ئارقا خانىسىنىڭ تورۇسىدىكى ئۈچ رەت كاتەكچىدە سەنئەتكارلار تەسۋىر قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قوللىرىدا گۈللۈك شوينا تۇتقان، بەزىلىرى رەڭلىك لېنتىلارنى يۇلاڭلىتىپ تۇرغان، بەزىلىرى گۈللۈك تەخسە، بەزىلىرى ھېجىر كۆتۈرگەن، بەزىلىرى قوللىرىدا نىلۇپەر گۈلى تۇتقان، بەزىلىرى تىزما نەي، غوڭغا چېلىۋاتقان، بەزىلىرى ئىككى قولى بىلەن داپ چالغاچ ئۇسسۇلغا چۈشكەن.

قۇمتۇرا مىڭئۆي 16 ــ غارىدىكى «مەغرىپتىكى پاك زېمىن» دېگەن رەسىمدە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم قاتناشقان داغدۇغىلىق سەنئەت پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رەسىمدە ئامىتابا ئوتتۇرىدىكى نىلۇپەر تەختتە سالاپەت بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ سول، ئوڭ يېنىدا شەپقەتچى مەبۇدە ۋە ئىككى چوڭ بۇدساتۋا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە ئارخات، بۇددا ئەقىدىلىرىنى قوغدىغۇچى تەڭرىقۇت سانغۇنلىرى، پەھلىۋان ياكشالار ۋە نۇرغۇن ساخاۋەتچى بۇدساتۋالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانسىزلىغان ئائىلە تاۋابىئات، ئەۋلىيا ــ ئەنبىيالار تۇرىدۇ. بۇددا تەختىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇلچىلار بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىدا يالغۇز ياكى ئىككى كىشى قارىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئىككى تەرەپتە بىر نەچچە ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان، چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ ھەر خىل سازەندىلەر بار. تەختنىڭ تېخىمۇ ئالدىدا نىلۇپەر گۈللەر بىلەن تولغان كۆلچەك بولۇپ، بۇ يەردە خىلمۇ خىل، رەڭگارەڭ ئۇچار قۇشلار بار. بۇددانىڭ ئارقىسىدا ئىككى تۈپ بۇددىرۇما دەرىخى بار. پېشايۋان، ساراي، ھۇجرىلار ۋادەك بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. ئاسماندا رەڭدار بۇلۇتلار ئەگىپ، ھۆر قىزلار ئۇسسۇل ئويناپ يۈرىدۇ. پىراقتىكى تاغدا ھەر خىل دەرەخلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر گەرچە قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سەنئەتخۇمار كۇچالىقلارنىڭ ھەشەمەتلىك كاتتا سورۇنىدىكى باي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ يارقىن ئىپادىسى، بۈگۈنكى زاماندىكى چوڭ كۆلەملىك ئويۇن قويۇشقا ئوخشايدىغان ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتىنىڭ جانلىق بەدىئىي تەسۋىرى بولۇشى مۇمكىن.

قىزىل مىڭئۆينىڭ 14 ــ غارىدا ناخشا ــ ئۇسسۇللۇق تىياتىر ھېسابلىنىدىغان «خېشلىڭ» دېگەن سەنئەت تۈرىنىڭ تەسۋىرى بار. بۇ رەسىمدە بېشىغا ئۇچلۇق بۆك، ئۇچىسىغا تار چاپان كىيىپ، بېلىگە كەمەر باغلىغان ئەر كىشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاياللارغا ئوخشاش ياسىنىپ، ئاياللارنىڭ ھەرىكىتىنى قىلىۋاتقان ئەر كىشىنىڭ ئوبرازى سۈرەتلەنگەن. قىزىل مىڭئۆينىڭ 135 ــ غارىدا ئوڭ قولىدا چەينەك تۇتۇپ، سول قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، سول پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ئۇسسۇلچى سىزىلغان. مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە يەنە بېشىغا چىراغ، پىيالە قويۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، قوللىرىدا تەشتەك تۇتۇپ تۇرغان ياكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى باغرىغا باسقان ھالدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئۇسسۇلچىلار ئوبرازى بار. قىزىل مىڭئۆينىڭ 17 ــ غارىدا كۆڭلىكىنى ئېچىۋېتىپ، ئىككى قولىدا لېنتا ئوينىتىپ، قۇشنىڭ پەرۋاز قىلغان ھەرىكىتىنى ئىپادىلەۋاتقان ئۇسسۇلچى ئايال سۈرەتلەنگەن.

كۇچا مىڭئۆيلىرىدىكى «ئەرشتىكى سەنئەتكارلار رەسىمى» دىكى ئاياللارنىڭ بەزىلىرى مارجان، رەڭلىك لېنتىلارنى ئېسىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، بەزىلىرى گۈل تەخسىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان، بەزىلىرى رىتىمغا كەلتۈرۈپ چاۋاك چېلىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىر قىلىنغان. «كونا تاڭنامە، مۇزىكا تەزكىرىسى» دە «كۇچا سازەندىلىرى چېكىسىگە قارا تاۋار ياغلىق چېگىپ، ئۇچىسىغا قىزىل تاۋار نىمچا كىيگەن، كىمخاپ يەڭلىك تاقىغان، قىزىل ئىشتان كىيگەن. ئۇسسۇلچى تۆت كىشى بولۇپ، پېشانىسىگە قىزىل ئەڭلىك سۈرتكەن، ئاق ئىشتان، قىزىل كەمزۇل، قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن» دېيىلگەن. «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» (933 ــ بەت) خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بەي مىڭدا ئىجاد قىلىنغان «قوش ئاۋازلىق ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش ئۇسسۇلى»نى بېشىغا قۇش سۈرەتلىك تاج كىيگەن ئۈچ كىشى قۇشنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دوراپ ئورۇندىغان. «سۇمۇجى» دېگەن ئۇسسۇلنى ئۇسسۇلچىلار

بېشىغا جىن ـ ئەرۋاھلارنىڭ، قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ يۈزىگە ۋە چەۋەندازلارنىڭ ئوبرازىغا ئوخشايدىغان نىقاپلار بىلەن نىقاپلىنىپ ئورۇندىغان.

ياپونىيە ئوتانى كوئول ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1906 ـ يىلى كۇچا سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن ئېلىپ كەتكەن جەسەت كۆلى قۇتىسىدىمۇ كۇچا سەنئەتكارلىرىنىڭ خان جەمەتى ۋە ئاقسۆڭەكلەردەك پۈزۈر كىيىنگەن ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىم بار. ئۇنىڭدا سەنئەتكارلار گۈل كەشتىلەنگەن جىيەك تۇتۇلغان، يۇمىلاق ياكى تونچە ياقىلىق، تاق ياكى قوش قايرىما ياقىلىق تون ياكى چاپان كىيىپ، بېلىگە كەمەر باغلىغان. بىر مۇنچىلىرى كەمەرگە خەنجەر ۋە ياغلىق ئاسقان، پۇتىغا قىسقا قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كۇچا مىڭئۆيلىرىدە رەسساملارنىڭ ئوبرازىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قىزىل مىڭئۆينىڭ 207 ـ غارىدا كۇچالىق تۆت نەپەر رەسسامنىڭ رەسىمى سىزىپ قالدۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ بىرى، يەنى، رەسسام تۇتۇكاسىيا بولۇپ، يالاڭباش، چېچى دولىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئۇچىسىغا ئوڭ تەرەپكە ئېچىلغان تاق قايرىما ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك چاپان كىيگەن، چاپىنىنىڭ ئوڭ تەرەپكە ئېچىلغان ياقىسى باشقىچىرەك بولۇپ، كۇچاچە چاپاندىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بېلىنى كەمەر بىلەن باغلاپ، ئۇزۇن خەنجەر ئاسقان، تىگىگە ئىشتان كىيىپ، پۇشقىقىنى ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكنىڭ قونچىغا قىستۇرۇۋالغان. ئوڭ قولىدا موي قەلەم، سول قولىدا بوياقدان تۇتۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن رەسىم سىزىۋاتقان ھالەتتە سۈرەتلەنگەن. باشقا رەسساملار ئاساسەن ئوخشاش كىيىنگەن. ئۇلارنىڭ كىيىنىشى مۇنداق: تونچە ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك چاپان كىيىپ، بېلىگە كەمەر باغلاپ غىلاپلىق خەنجەر ئاسقان. بىرسىنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسى، ئالدى، ئارقا پەش ۋە يېڭىنىڭ ئۇچىغا ھايۋانات نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن جىيەك تۇتۇلغان. يەنە بىرسىنىڭ چاپىنىغا سىدام جىيەك تۇتۇلغان. ئۇلارمۇ رەسسام تۇتۇكاسىياغا ئوخشاش ئوڭ قولىغا موي قەلەم، سول قولىغا بوياقدان ئېلىپ رەسىم سىزىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن، تۆتىنچى رەسسام كالتە چاچ قويۇۋالغان، ئۇچىسىغا كاتەكچە رەختتىن تىكىلگەن ئوڭ تەرەپكە ئېچىلغان تاق قايرىما ياقىلىق چاپان كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلىغان، خەنجەر ئاسمىغان، تىگىگە ئىشتان كىيگەن.

### 6) پەرىزاتلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى

كۇچا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى پەرىزاتلار ئوبرازىدىن قارىغاندا، ئۇلار بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى خىلى، تام رەسىملىرىدىكى پەرىزاتلارنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە يوپكا كىيگەن، بېشىغا تاج تاقىغان، بەدىنى تۈزرەك، پەقەت ئىككى پۇتى كېرىلگەن. ئىككى پۇتىنىڭ بىردەم يىغىلىشى، بىردەم سوزۇلۇشى ئارقىلىق ئۇچۇش ھالىتى ئىپادىلەنگەن. قىزىل مىڭئۆينىڭ 47 ـ غارىنىڭ ئارقا خانىسىنىڭ تورۇسىدىكى پەرىزاتنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ، مەيدىسىگە مارجان، تانا قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ئېسىلغان. بېلىنىڭ تۆۋىنىگە يوپكا كىيگەن، يوپكىنىڭ بېلىنىڭ ئىككى يېرى تۈگۈلگەن، يوپكىنىڭ پېشىنىڭ ئىككى بۇرجىكى يۇمىلاق شەكىلدە، ئوتتۇرىسى كىچىك ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدە.

ئىككىنچى خىلى، پەرىزاتلار بېشىغا تاج تاقىغان، بېلىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە يوپكا كىيگەن، يوپكىنىڭ پېشى يۇمىلاق، قورسىقىنىڭ ئۈستى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، تۆۋەنكى قىسمىنىڭ ئارقا تەرىپى تۈز سوزۇلغان، پۈتۈن بەدىنى 90 گرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان. قۇمتۇرا مىڭئۆي 38 ـ غارىنىڭ سول، ئوڭ دەھلىزلىرىنىڭ تورۇسلىرىدا ۋە 46 ـ غار مەركىزىي تۈۋرۈكىنىڭ ئۇدۇل تېمىغا چىقىرىلغان بۇد تەكچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مۇشۇ خىلدىكى پەرىزاتلار ئوبرازى بار. قىزىل مىڭئۆينىڭ 196 ـ غارىنىڭ تورۇسىغا سىزىلغان ئالتە نەپەر پەرىزاتمۇ مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، پەرىزاتلار بېشىغا تاج تاقىغان، بېلىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ، مەيدىسىدە زىبۇ زىننەتلىرى بار، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە يوپكا كىيگەن، يوپكىسىنىڭ پېشىنىڭ ئىككى بۇرجىكى دۈگىلەك، بەل قىسمى ئاچىماق شەكىلدە پۈكلەنگەن. قىزىل مىڭئۆي 69 ـ غارىنىڭ ئارقا خانىسىنىڭ تورۇسىدىكى پەرىزاتلارمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەربەت قۇچاقلىۋالغان، بەزىلىرى قولىدا گۈل تەخسىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان.

تۆتىنچى خىلى، پەرىزاتلار بېشىغا تاج تاقىغان، بەزىلىرىنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ، بەزىلىرى كالتە كۆڭلەك كىيگەن، بەزىلىرى كالتە تور چاپاننى يېپىنچاقلىۋالغان، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە يوپكا كىيىپ، بېلىنى ئىككى يەردىن تۈگۈۋالغان. يوپكىسىنىڭ پېشىنىڭ ئىككى بۇرجىكى يۇمىلاق، پەرىزاتلارنىڭ بەزىلىرى يالاڭئاياغ، بە-

زىلىرى قارا ئۆتۈك كىيگەن، بەدىنى تۈزرەك سوزۇلغان، بېلىنىڭ يۇقىرىسى سەل ـ پەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئىككى پۇتىنى مىنگەشتۈرۈۋالغان، بەزىلىرى بىر پۇتىنى تۈز سوزۇپ، بىر پۇتىنى يىغىۋالغان، بەزىلىرى قولىغا گۈللۈك شوينا ئالغان، بەزىلىرى گۈل تەخسىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان، بەزىلىرى گۈلدەستە تۇتۇپ تۇرغان، بەزىلىرى ئىككى قولى بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تۇرىدۇ. قىزىل مىڭئۆينىڭ 48 ـ غارنىڭ ئارقا خانىسىنىڭ تورۇسىغا سىزىلغان پەرىزاتلارمۇ ئاشۇنداق.

بەشىنچى خىلى، بەزىلىرى بېشىغا تاج تاقىغان، بەزىلىرىنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ، بەزىلىرىنىڭ سول مۈرىسى ئوچۇق، بېلىنىڭ يۇقىرىسى كۆتۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ بىر پۇتى سوزۇلغان، بىر پۇتى سەل كۆتۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ ئىككى پۇتى ئاچىماق شەكلىدە كېرىلگەن، بەزىلىرىنىڭ پۇتى مىنگەشتۈرۈلۈپ سەل ـ پەل كۆتۈرۈلگەن، بەزىلىرى قولىدا گۈل تەخسىسىنى كۆتۈرۈپ گۈل چېچىۋاتقان، بەزىلىرى بەربەتنى قۇچاقلاپ ساز چېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. قىزىل قاغا مىڭئۆيى 30 ـ غارىدىكى تەكچىلەرگە سەككىز پەرىزات سىزىلغان. ئۇلار يۇقىرىقىلارغا ئوخشايدۇ.

ئالتىنچى خىلى، پەرىزاتلار كالتە كۆڭلەك كىيگەن، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلىگەن، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە ئۇزۇن يوپكا كىيگەن، بېلىنىڭ تۆۋىنى 90 گرادۇس ئېگىلگەن. كىيىمى لەپىلدەپ، كىيىم لېنتىلىرى بولۇتلار ئارىسىدا لەيلەپ تۇرىدۇ. قۇمتۇرا مىڭئۆيى 15 ـ غارىدىكى پەرىزات رەسىملىرى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ پەرىزاتلارنى پەرىزاتلار ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل ئوبراز دېيىشكە بولىدۇ.

**7) پالۋانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى**

قىزىل مىڭئۆينىڭ 69 ـ غارنىڭ سول تېمىغا ئىككى ۋاجرا پالۋاننىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۇلارنىڭ بىرى چېچىنى بوغۇۋالغان ھەم تاج كىيگەن، بېلىنىڭ ئىككى يېنىدا لېنتا لەپىلدەپ تۇرىدۇ. بېلىنىڭ يۇقىرىسىغا قىسقا كۆڭلەك، تۆۋەنكى قىسمىغا يوپكىسىمان ئېتەكلىك تامبال كىيگەن، بەلۋېغى يان تەرەپتە لەپىلدەپ تۇرىدۇ. قولىدا بىر گۈرزە تۇتقان، گۈرزىنىڭ ئىككى بېشى ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك ئىككى كونۇسسىمان جىسىم ھالىتىدە سىزىلغان، ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە جايىغا لېنتا باغلانغان. يەنە بىر ۋاجرا پالۋانمۇ چېچىنى بوغۇپ تاج كىيىۋالغان. بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدە لېنتا لەپىلدەپ تۇرىدۇ. بېلىنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ، تۆۋىنىگە يوپكىسىمان ئېتەكلىك تامبال كىيگەن. ئۇ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا بىر گۈرزە كۆتۈرۈۋالغان. بۇ گۈرزىنىڭ شەكلى ئالدىنقى گۈرزىنىڭ شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ بۆرەكسىمان نەرسە بولۇپ، ئۈستۈنكى قىسمىدا قول بىلەن تۇتىدىغان تۆشۈكى بار. قىزىل مىڭئۆينىڭ 175 ـ غارىدىكى ۋاجرا پالۋان بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىپ، نەۋكەر سىياقىدا ياسانغان، قولىدا بىر گۈرزە بار. قىزىل مىڭئۆينىڭ 193 ـ غارىدىكى پالۋان ساۋۇت كىيگەن، ساۋۇتنىڭ تۆمۈر پارچىلىرى بىر ـ بىرىگە چېتىلغان. قىزىل مىڭئۆينىڭ 224 ـ غارىدىكى پالۋان بويىنىغا تانا ئاسقان، ئاق كۆڭلەك، كۆڭلەك سىرتىغا قارا جىلىتكە كىيگەن. جىلىتكىنىڭ پېشىگە ئاق گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. كىيىمىنىڭ يېڭى تار، يەڭ ئاغزىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا گۈل كەشتىلەنگەن، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يوپكىسىمان ئېتەكلىك تامبال كىيگەن.

**8) نەۋكەرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى**

قىزىل مىڭئۆينىڭ 8 ـ غارىدا ئات ياكى پىلغا مىنگەن، بېشىغا ھايۋانات قۇلىقىغا ئوخشاش قۇلاق چىقىرىلغان، ئۈچى ئۈچلۈق دۇبۇلغا كىيگەن، ئۇچىسىغا تىك ئۆرە ياقىلىق، مەيدىسىدە يۇمىلاق كۆكرەك توسقۇچى بار، قىسقا يەڭلىك ساۋۇت، تۆۋەن تەرىپىگە قۇياق كىيگەن لەشكەرلەرنىڭ رەسىمى بار. قىزىل مىڭئۆينىڭ 207 ـ غارىدىكىلىرى ئۇزۇن ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن، بېلىگە كەمەر باغلاپ، ئۇنىڭغا بېشى يېرىم يۇمىلاق شەكىللىك، توغرا توسۇقى بار دەستىلىك قىلىچ ئاسقان. ئۇلارنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ چوققىسىدا لېنتا چىگىدىغان ھالقىسى بار (بەزىلىرىنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ ئۇچىغا قۇش ھەيكىلى قوندۇرۇلغان) مېتال تۇۋرۇكچە ئورنىتىلغان. قىزىل مىڭئۆينىڭ 4 ـ ، 175 ـ ، 188 ـ غارلىرى ھەم سىم ـ سىم مىڭئۆينىڭ 26 ـ غارلىرىدىمۇ بېشىغا شىر بېشى شەكىللىك دۇبۇلغا ۋە ناھايىتى پۇزۇر ساۋۇت كىيگەن، سول قولىدا ۋاجرا (ئالماس) كالتىكى قاتارلىق قورallىرىنى تۇتۇپ تۇرغانلارنىڭ رەسىملىرى بار.

**9) ئاۋام پۇقرالارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى**

قىزىل مىڭئۆيى 79 ـ غارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەزىر ـ چىراغ سۇپىسىنىڭ ئالدى تېمىغا يەتتە ئادەم، يەنى، ئالتە چوڭ، بىر قىز بالىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئالتە چوڭ ئادەمنىڭ تۆتى كاسايا، ئىككىسى ئۇيغۇرچە كىيىنىپ،

پۇتلىرىغا قارا ئۆتۈك كىيگەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئايال. قىز بالىمۇ ئۇيغۇرچە كىيىنىپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئالتە ئادەمنىڭ باشلىرىنىڭ يېنىغا ياكى ئۈستى تەرىپىگە كۇچاچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئېنىقلىمىلار يېزىلغان. قىزىل مىڭئۆي 14 ـ غارىدا بېشىغا ئاق بۆك، ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك چاپان كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلىغان بىر كىشى سۈرەتلەنگەن. قىزىل مىڭئۆينىڭ 114 ـ غارىدا يىپەك يولىدىكى كارۋانلارنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلار ئىككى كىشى بولۇپ، ئالدىدىكى بىرى يۈك ئارتىلغان تۆگىنى يېتىلىگەن، يەنە بىرى قولى بىلەن تۆگىنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا يۈك ئارتىلغان كالىنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ، قوش باشلىق ئەجدىھانىڭ كۆۋرۈك بولۇپ بېرىشى بىلەن خەتەرلىك ھاڭدىن ئۆتۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىمدىكى ئىككى كىشى ئوخشاشلا قاسقانلىق ئېگىز تۇماق، قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن يەڭلىك تون، تېگىگە پۇشقىغى بوغۇق ئىشتان كىيگەن. قىزىل مىڭئۆينىڭ 5 ـ ئەسىردە قېزىلغان 14 ـ ، 17 ـ غارلىرىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش كىيىنگەن سودىگەرلەرنىڭ رەسىمى بار. ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان بىر كۆرۈنۈش شۇكى، قىزىل مىڭئۆينىڭ 6 ـ ئەسىردە قېزىلغان 175 ـ غارىنىڭ سول تەرەپ دەھلىزىنىڭ ئىچكى تېمىغا ئېگىز، ئۇچلۇق بۆك، كالتە يەڭلىك كۆڭلەك ۋە كالتە ئىشتان كىيىپ، كەتمەن بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتقان، يەنە قوش كالىدا قوش ھەيدەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. سىم ـ سىم مىڭئۆينىڭ 42 ـ غارىدا ئۈچ سودىگەر ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلاردىن بىرى يالاڭۋاش، ئىككىسى گۈللۈك دوپپا كىيگەن. دوپپىسىنىڭ شەكلى ئۇچلۇقراق گىلەم دوپپىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۇچىسىغا گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن كالتە يەڭلىك، قوش قايرىما ياقىلىق چاپان كىيىپ، بېلىگە كەمەر باغلىغان. كەمەرگە يۇمىلاق ساپلىق ئىنچىكە ئۇزۇن خەنجەر، ھەميان، ياغلىق ئېسىلغان. چاپاننىڭ ئۈستىگە تېرە ياقا تۇتۇلغان تون يېپىنچاقلىۋالغان. چاپان ئىچىگە بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن تار يەڭلىك، ئۆرە ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن. چاپاننىڭ يەڭ، ئالدى ـ ئارقا پەشلىرىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. ئۇلار ئىشتان، ئۆتۈك كىيگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يالاڭۋاش كىشى بۇرۇتلۇق.

يۇقىرىقىلار بۇددىزىم دەۋرىدىكى كۇچالىقلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تارىختا يۈكسەك ۋە باي مەدەنىيەت ياراتقان تەرەققىيپەرۋەر، ئىجادكار كۇچالىقلار ھامان ئىلغارلىققا، تەرەققىياتقا، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىپ، كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش، تىككۈچىلىك ھۈنەر سەنئىتىدە پەيدىنپەي يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئارزۇسى، ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشقان. شۇنداق قىلىپ كىيىنىش، ياسىنىش جەھەتتە ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈپ، كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدە ئۆزىگە خاس گۈزەل، باي، پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان.

## خاتىمە

مەن كۇچانىڭ قەدىمكى مۇزىكىلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىپ يۈرۈپ، قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى توغرىسىدىكى بىر مۇنچە ماتېرىياللارنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ مەن ئۈچۈن يېڭى بىر بايقاش، يېڭى بىر تېما بولۇپ، مېنى ئۆزىگە پەرۋانە قىلدى. مەن بۇ يېڭى تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىرمۇنچە ماتېرىيال توپلىدىم. بۇ جۇغلانما مېنى بۇ ھەقتە بىرماقالە يېزىش ئويىغا كەلتۈردى، شۇنداق قىلىپ، ئاخىر بۇ ماقالىنى يېزىپ قالدىم. بۇنىڭدىكى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ نامى توغرىسىدا كىيىم ـ كېچەك مۇتەخەسسىسى ئابدۇرېشىت زۇنۇندىن مەسلىھەت سورىدىم. مەن بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقاندا، تەلئەت ئوبۇلقاسىمنىڭ «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە نەزەر» دېگەن ماقالىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا خېلى ياردىمى بولدى.

مەن تەلئەت ئوبۇلقاسىمغا، ئابدۇرېشىت زۇنۇن ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

پايدىلانمىلار:
1) «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل 9 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
2) «يىپەك يولى ۋە قەدىمكى كۇچا تارىخىي مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل 8 ـ ئاي، خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
3) «كۇچا مىڭئۆيلىرى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1990 ـ يىل 10 ـ ئاي، خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
4) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 1 ـ سان.

# خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەشتە ئويلىغانلىرىم

مۇختار مۇھەممەد

مەدەنىيەت تارىخىمىزغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە سان ـ ساناقسىز مەدەنىيەت بايلىقلىرى مىراس بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ مەدەنىيەت خەزىنىمىزدە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايىش قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنىڭ بىرى — ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدۇر.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايات كەچمىشلىرىنى، پەلسەپە قاراشلىرىنى، جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان قەيسىرانە ئىرادىسىنى بىزگە ئەڭ جانلىق ۋاسىتىلەر، يەنى رىۋايەت، قىسسە، داستان، چۆچەك، قوشاق، مەسەل ۋە ماقال ـ تەمسىل يوللىرى بىلەن يەتكۈزدى. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە «ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان ھېكايەتلەر، خەلقىمىزنىڭ ئۇبرازلىق تارىخ كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەب يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە رىۋايەتلەر، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۈگۈت ـ بىلىملەر» ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، ئۇ كىشىلەر قەلبىنى يورۇتۇپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىدە يۈكسەك ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، كەلگۈسىگە غەيرەت، شىجائەت بىلەن قەدەم تاشلىيالايدىغان روھ ئاتا قىلىدۇ.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىراسى ئىكەن، ئۇنى قوغداش، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز.

«مىراس» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان خەلق مەدەنىيىتى، فولكلورى، خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئېلان قىلىدىغان بىردىنبىر ژۇرنال. مۇشۇ ژۇرنالنىڭ بىر مۇھەررىرى بولۇش ئۈچۈن قانداق ساپانى يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر ژۇرنالنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى تۈپەيلىدىن مۇھەررىرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ژۇرنال خاراكتېرى تەلەپ قىلغان مەزمۇن، دائىرىلەر بويىچە بولىدۇ. مەسىلەن، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىر بولۇش ئۈچۈن شۇ دائىرىدىكى مەزمۇنلاردىن خەۋەردار بولۇشنى بىرىنچى شەرت قىلىدۇ. شۇ جۈملىدىن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرىگىمۇ مۇشۇ كۈندىكى ئەڭ ئىلغار ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش، يېڭى ئۇچۇرلارغا ئېتىبار بېرىش، داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە بىلىم يېڭىلاپ تۇرۇشتەك ئەقەللىي تەلەپلەرنى قويغاندىن سىرت يەنە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى چۈشىنىپ، ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن، خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن خەۋەردار بولۇش، ئۇنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇش، ژانىرلىرىنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان، ھەقىقىي خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەن ساختا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئايرىۋالالايدىغان، پەرق ئېتەلەيدىغان ئەڭ ئاساسىي ساپا تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش سالاھىيىتىنى تۇرغۇزغان بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلىگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

1. خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ئېغىز ئىجادىيىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ شەكىللىنىش ئۇسۇلى ۋە تارقىلىش ۋاسىتىلىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن پەرقلىنىدىغان «سۆزلەش، ئاڭلاش» شەكلىدىكى سەنئەتتۇر. مانا شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تىلى سۆزلەشكە، ئاڭلاشقا ئەپلىك بولغان «ئاغزاكى تىل» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاغزاكى ئىجادىيەت بولغاچقا،

يۇقىرىقى ئالاھىدىلىك ئۇنىڭدا تولىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، قىسمەن توپلىغۇچىلار خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش داۋامىدا سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە قىسمەن مەزمۇنلارنى قوشۇپ قويىدۇ، «رەتلەيمەن» دەپ ئەسەرنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىۋېتىدۇ، نەتىجىدە چىنلىقىنى يوقىتىپ «ئاغزاكى تىلدىن ياتلىشىش» ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ، خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەتلىك ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى نەزەرىيە تەتقىقاتىغىمۇ پايدىسىزدۇر.

بۇ ئاساسلىقى توپلىغۇچىلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى «ياخشىراق»، «كۆڭۈلگە ياققۇدەك» قىلىمەن دەپ «بەك ئىشلىۋەتكەن»لىكىنىڭ ئاقىۋىتى. يەنى، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ تىلىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ تىلىنى ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى. شۇڭا مۇھەررىر بولغۇچى يۇقىرىقى ئەھۋالنى بايقاپ، پەرق قىلالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشى شەرت.

2. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى «سۆزلەش» شەكلىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاغزاكى تىلغا خاس بوغۇم، تۇراق، رىتىم بولىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ جۈملىلىرى ئاددىي، قىسقا، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ياسالغان ياكى ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشنىڭ يولى يەنىلا ئەسەرنىڭ تىلىنىڭ خەلق تىلى ياكى يازما تىل ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە. ھەتتا بەزى توپلىغۇچىلار ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ قىياپەت تەسۋىرىنى ئۆزارتىش بىلەن بىرگە پسىخىك تەسۋىرنى قوشۇپ ئەسەرنى سۇنئىيلەشتۈرۈپ، تولىمۇ چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق قىلىش خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە پسىخىك تەسۋىر بولمايدۇ. بولغاندىمۇ بەك ئاددىي، يەنى «كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ، يۈرىكى پۇچۇلىنىپتۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

3. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە تارقالغان. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم شىۋە ئېلېمېنتلىرى سىڭگەن. شۇڭا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسىم شىۋە ئالاھىدىلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئورتاق ئەدەبىي تىلغا ئايلاندۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

4. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى ئۆز دەۋرىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا، كونا تىللارنى بۇزماسلىققا، ئۆزگەرتمەسلىككە، ئىمكان بولسا ئەسلىي جۈملە شەكلىگىچە ساقلاپ قېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈشىنىكسىز سۆز ـ ئىبارىلەرگە ئىزاھات بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلىش لازىم. بۇ، تىل تەتقىقاتىغا پايدىلىق.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە دائىم قوللىنىلىدىغان بەزى ئاتىلار سۆزلىرى، ئىدىئوملار، تۇراقلىق ئىبارىلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىشكە، قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

5. ئەسلىسىگە سادىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. قىسمەن ئەسەرلەرگە توپلىغۇچىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بەزى مەزمۇنلارنى قوشۇۋېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ كەسپكە پىششىق مۇھەررىر ئوقۇپ ئېلىپ ئېيتقاندا ئەسلىي ئەسەرگە قوشۇلغان مەزمۇنلارنى ئايرىۋېلىش، ئەسلىي تېكىستكە قوشۇلغان مەزمۇنلارنى پەرقلەندۈرۈپ تېپىپ چىقىش ئانچە قىيىن ئەمەس، مۇشۇنداق ئەسەرلەرگە يولۇققاندا ئەسەرنىڭ ئەسلىي مەزمۇنىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىشقا، ئىجاد قىلىپ خالىغانچە قوشۇپ قويۇلغان «مەزمۇنلارنى» چىقىرىۋېتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

6. ئېيتىپ بەرگۈچى، توپلىغۇچىلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالنى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىش كېرەك. توپلانغان جاي، توپلانغان ۋاقىت ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئەسەرنىڭ كەينىگە قوشۇمچە مەزمۇن قىلىپ بېرىش، ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە پايدىلىق، بۇ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، تەھرىرلەش پرىنسىپىدا تەكىتلەنگەن پرىنسىپتۇر.

7. قىستۇرما رەسىم بېرىش ئىمكانىيىتى بولسا ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەللەرگە چوقۇم قىستۇرما رەسىم بېرىش ئارقىلىق مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش لازىم.

خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان مەدەنىيەت مىراسلىرى خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان گۆھەر، ئۇنى ئاسراش ۋە ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز. ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىش تارىخ ئالدىدا، ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىن)

# ئۇيغۇرلاردىكى ناماقۇللۇق چېيى



مۇتەللىپ ئىقبال

بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر بىر ھەردكەت ۋە گەپ – سۆزلىرىمىز مەلۇم بىر ئادەتنىڭ، قاراشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولىدۇ. ئەنە شۇ ئادەت ۋە مۇراسىم ئەنئەنىلىرى ئىچىدە ناماقۇللۇق چېيى ۋە مەشرىپى ئۆزگىچە ئەقلىيەتچىلىكى بىلەن جەلپكاردۇر.

ناماقۇللۇق چېيى ئادەتتە ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشى، دوست – بۇرادەر، قولۇم – قوشنا، يۇرت – جامائەت ئارىسىدا ئېلىپ بارىدىغان ئاداۋەتنى يۇيۇپ، بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، باشقىدىن دوست – بۇرادەر، قولۇم – قوشنا بولۇپ ئۆتىدىغان، ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش مەزمۇنىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان چايدىن ئىبارەت. ئەگەر ئىككى كىشى ئارازلىشىپ قالسا، شۇ كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئارا تۇرالايدىغان بىرەيلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئالدى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيەتلىشىپ قېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارغا ئايرىم داستىخان ھازىرلاپ، ئۇچىيلەن بىر يەرگە كېلىپ، ئازارلىشىپ قالغان كىشىلەر ئۆتكەن – كەچكەن ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلىشىدۇ ياكى ياراشتۇرغۇچى ئۇلارنىڭ قىلغان – ئەتكەنلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ چىقىدۇ. ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ياراشتۇرۇش باشلىنىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرى سىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. قايسى كىشى بەكرەك كەتكۈزۈپ قويغان بولسا، ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، گۇناھىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ياراشتۇرغۇچى ياكى گۇناھى ئېغىر تەرەپ ئارازلىشىپ قالغان كىشىگە چاي قۇيۇپ، قارشى تەرەپتىن ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. قارشى تەرەپمۇ ئۆزىدىن ئۆتكەن تەرەپلەرنى سۆزلەپ كەمتەرلىك بىلەن خاتالىقىنى تونۇپ، سۇنغان چاينى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولىدۇ. ئىككى كىشى «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ قايتىدىن كۆرۈشىدۇ ۋە يارىشىدۇ. كېيىنچە بىر – بىرىگە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرمەيدۇ. ئادەتتە، ياراشتۇرغۇچىسىز بىرەيلەن بىرەيلەننى ئۆيىگە چاقىرىپ، چاي قۇيۇپ، ناماقۇللۇق بىلدۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

قولۇم – قوشنا، يۇرت جامائىتى ئوتتۇرىسىدىكى

ئاداۋەتنى يۇيۇش چايلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت قولۇم ـ قوشنىلار ئوتتۇرىسىدا ئىككى تەرەپكە ئارا تۇرالايدىغان، ئىككى تەرەپ ھۆرمەتلەيدىغان، ئىناۋەتكە ئىگە كىشى ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. يۇرت بىلەن يۇرت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتلەرنى يۇيۇشمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. پەقەت ئىككى يۇرت تەڭ ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشى ياكى شۇ يۇرتنىڭ ئاقساقال، مۆتىۋەرلىرى بولسا ۋە ياكى ئىككى يۇرت ئىچىدىن ئىككى يۇرت كىشىلىرىگىلا ۋەكىل بولالىغۇدەك كىشىلەر بولسا بولىدۇ. ئەگەر ئاداۋەت ئىككى يۇرت كىشىلىرى ئارىسىدا ساقلانغان بولسا، ۋەكىل كىشىلەر بىر يەرگە كېلىپ گۇناھلىرىنى ئۇستىگە ئېلىشىپ، ناماقۇللۇق بىلدۈرۈشسە ياكى چاي قۇيۇشسا ئاداۋەت شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولىدۇ. ھەممە كىشىلەرنىڭ ناماقۇللۇق چېيى قۇيۇشى ھاجەتسىز.

ناماقۇللۇق چېيى قۇيۇلسا ئىككى كىشى، قولۇم ـ قوشنىلار، يۇرت ئەھلى قاتارلىقلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت ئاساسەن شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، ئىككى تەرەپ ياراشتۇرغۇچىنىڭ كېلىشىمگە بويسۇنمايدىغان ئەھۋال ئاساسەن يوق. ئىككى تەرەپ قايىل بولۇشمىسا ھېلىقى ياراشتۇرغۇچىدىن ئابرۇيلۇقراق بىرەيلەن ئارىغا چۈشۈپ ناماقۇللۇق چېيى قۇيسا بولىدۇ.

ئەگەر يۇرت كىشىلىرى تەرىپىدىن لەنەتگەردى قىلىنغان، يۇرت كىشىلىرىنىڭ نەزەرىدىن قالغان كىشى بولسا يۇقىرىقىدەك شەكىلدە جامائەتكە داستىخان سېلىپ، ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، ئۇلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا ناماقۇللۇق مەشرىپى، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىق مەشرەپلەر بار. ناماقۇللۇق مەشرىپى ئادەتتىكى مەشرەپ قائىدىسىنى بۇزغان، مەشرەپ تۈزۈمىنى كۆزگە ئىلمىغان، مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەن، كەلمىگەن، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بۇزغان كىشى ئۆز گۇناھىغا ئاساسەن ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان جازا مەشرىپىدىن ئىبارەت.

ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى بولسا ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنى قاتناشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىككىيلەننى ياراشتۇرۇپ ئاداۋەتنى يۇيۇشنى مەقسەت قىلغان مەشرەپتىن ئىبارەت. ئاداۋەتلىشىپ قالغان كىشىلەر مەشرەپ سورۇنىدا بىر ـ بىرىگە چاي قۇيۇشۇپ، قايتىدىن كۆرۈشىدۇ ۋە ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ كېتىشىدۇ. مەشرەپ داۋاملىشىۋېرىدۇ.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، خەلقىمىز ئارىسىدا، بولۇپمۇ، ياشلار ئارىسىدا ناماقۇللۇق چېيىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئادىتىمىز ھاراق سورۇنىنى مەركەز قىلىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. ئۆزئارا ياراشماقچى بولغان ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ھاراق قۇيۇش ئارقىلىق ئاداۋەتنى يۇيۇشىدىغان بولدى.

ناماقۇللۇق چېيى، ناماقۇللۇق مەشرىپى، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىقلار جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىق قارىشىنىڭ ۋە ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ناماقۇللۇق چېيى، ناماقۇللۇق مەشرىپى، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىقلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى ئۇيغۇر پىسخىكىسىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئوچۇق مىجەزلىك، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئەقلىيلىكنى مەنبە قىلىشتەك خاسلىقنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ساغلام بىر جەمئىيەت ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئۆلچەم ۋە ئادەتلەرنىڭ بۇرۇندىنلا بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.


بىر مىللەتتە شەرئەت، ئادالەت مەھكىمىلىرىنىڭ، ھەققەت دەستۇرلىرىنىڭ بولۇشى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىياتىغا باغلىق ئىش. ئەمما، ھەق ـ ئادالەت ئىشلىرىنى مەلۇم بىر ئۇيۇشۇشچانلىق ئىچىدە سىلىق ـ چىرايلىق ھەل قىلىش تەدبىرى ۋە ئۇسۇلىنىڭ بولۇشى شۇ مىللەت خاراكتېر كۈچىنىڭ ساپ ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ناماقۇللۇق چېيى، ناماقۇللۇق مەشرىپى، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرەپلىرىنىڭ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئادەت قانۇنى ۋە ھۆكۈم شەكلىدە ئىجرا قىلىنىشى ئەلۋەتتە تىلغا ئالغۇدەك ۋە داۋاملاشتۇرغۇدەك قۇتلۇق ئىش.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۈيا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# بىزنىڭ ئۆي



# مەھمۇد چايلىرى







مەھمۇد چايلىرى دۇبەي ئالتۇن كايا گۇرۇھى سىرىلانكىدىن چاي خام ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى ئىلغار پەن-تېخنىكا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە سۇنغان ئېسىل سوۋغىسىدۇر. مەزكۇر چاي ھازىر 70 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا سېتىلماقتا.

25 يىللىق تارىخقا ئىگە مەھمۇد چايلىرى خۇشپۇراق ھەم ئۆزگىچە ئېسىل تەمى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى مەھمۇد چايلىرىنىڭ جۇڭگودىكى باش ۋەكالەتچىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ چاينى ئىستېمال قىلىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. مەھمۇد چايلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مېۋە تەملىك چايلاردىن-ئالما، ئاپېلسىن، شاپتۇل، گىلاس، قارىقات، بۆلجۈرگەن، ئۈزۈم تەملىكلىرى؛ ئىسسىقلىق دورىلىق چايلاردىن-لاچىندانە، كېنەز چايلىرى يەنە ئەتكەن چايغا باب كېلىدىغان-قىزىل چاي قاتارلىقلار بار. مەھمۇد چايلىرى تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق بولغان ماددىلار بولۇپ، ۋىتامىننى تولۇقلاش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. مەھمۇد چايلىرى ئېسىل سوۋغات بولۇپلا قالماي يەنە سەپەردە ئىستېمال قىلىشقىمۇ قولايلىق. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە ۋەكالەتەن سېتىش ئورۇنلىرى بار. سىزنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى**

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىنخۇا شىمالىي يولى 108 - نومۇر قىزىلتاغ يېڭى
ئەسىر بىناسى 34 - قەۋەت تېلېفون 0991 8888837